# ئېكىز-پەس مۇھەببەت

(پوۋېست)

ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد



ياپونىيەدىن كېلىدىغان ئايروپىلاننىڭ ئىككى سائەت كېچىكىپ كېلىدىغانلىقى مەلۇم بولدى. تېيەنچياۋ مېھمانخانىسىدا ياپونلۇقلارغا تەرجىمان بولۇپ چاپان كۆتۈرۈپ يۈرۈۋاتقان بېيجىڭلىقلار مېھمانخانا سالونىدا ئۇ ياق بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى. گۈلزار سائىتىگە قاراپ

ئىچى پۇشتى:

—يەنە ئىككى سائەت بۇ يەردە ۋاقىتنى بىكار ئۆتكۈزەرمىزمۇ؟

— ئاپىرىپ بىر يەردە ئوينىتىپ ئەكىلەيمۇ؟-دېدى ئابلىكىم.

— رەھمەت، خانقىز كەلگەندىن كېيىن ئوينىتارسەن.

ئابلىكىم كۈلۈپ قويدى، خانقىزنى خىيال قىلدى. خانقىز ئابلىكىمگە ئەۋەتكەن رەسىمدە ۋىجىك، ئوماق بىر قىز ئىدى، ئىككى سائەتتىن كېيىن بەلكىم شۇ قىياپىتى بىلەن ئابلىكىمنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولاتتى. ئابلىكىمگە خانقىزنى گۈلزار تونۇشتۇرغانىدى. گۈلزار بىلەن ئابلىكىم مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا بەش يىل بىللە ئوقۇغان ساۋاقداشلار ئىدى، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئابلىكىم بېيجىڭدىكى بىر نەشرىيات ئورنىدا ئىشلەپ قالدى، گۈلزارىيەنە شۇ مەكتەپتە ماگىستىر ئاسپىرانتلىقىدا ئوقۇۋاتاتتى. گۈلزار مىجەزى ئوچۇق، ئايىغى تېتىك، مۇناسىۋەتكە يامان بىر قىز بولۇپ، بىر ئادەم بىلەن تونۇشۇۋالسا شۇنى يىلتىز قىلىپ شاخلاپ كېتىۋېرەتتى. بىر يىل ئاۋۋال ئۇ ئۇيغۇرشۇناس خېڭتىيەن ئەپەندى بىلەن تونۇشتى. خېڭتىيەن ئەپەندى ئۇنىڭغا، بىزنىڭ ئۆيدە خانقىز دەپ بىر قىزىمىز بار، بەش يىلدىن بېرى بىزنىڭ ئۆيدە تۇرۇۋاتىدۇ، دوكتورلۇقتا ئوقۇۋاتىدۇ، ياپون خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىۋاتىدۇ، دەپ بىر گەپ قىلىۋىدى، گۈلزارنىڭ ئۇ قىز بىلەن دەرھال تونۇشقۇسى كېلىپ كەتتى، خېڭتىيەن ئەپەندى ياپونىيەگە قايتىش ئالدىدا خانقىزغا بىر پارچە خەت يېزىپ، خېڭتىيەن ئەپەندى ۋە خانقىزغا تۇتقان يوللۇقى بىلەن بىللە خەتنى بەردى. خېڭتىيەن ئەپەندى ياپونىيەگە بېرىپلا گۈلزارغا تېلېفون بەردى ۋە خانقىز بىلەن گۈلزارنى تېلېفوندا كۆرۈشتۈردى. ئىككىسى تېلېفوندا پاراڭلىشىپلا چىقىشىپ قالدى. ياپونىيىدە خالقئارا تېلېفون ئەزان بولغاچقا، خانقىز ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ پات-پات تېلېفون قىلىپ تۇردى. يېقىندا ئىككىيلەن ئۆز ئارا ئاتكىرتكا ۋە خەت ئەۋەتىشتى. گۈلزار خانقىز ئەۋەتكەن ، ياپونىيىدىكى فۇجىسەن تېغىنىڭ مەنزىرىسى چۈشۈرۈلگەن ئاتكىرېتكىنى ۋە خانقىزنىڭ قىزغىن سالامىنى كۆرۈپ ھاياجانلىنىپ كەتتى، بۇ يەردە ئاسپىرانتلىقنى ئوقۇپ بولسىلا ياپونىيەگە چىقىپ دوكتورلۇقتا ئوقۇشنى ئويلاپ شېرىن خىياللارغا چۆمدى. ئارىلىقتا خېڭتىيەن ئەپەندى بېيجىڭغا يەنە بىر قېتىم كەلدى، گۈلزارغا خانقىزنىڭ سالامىنى ۋە ئۇ ئەۋەتكەن چىرايلىق سوۋغىلارنى تاپشۇردى. گۈلزار چوڭقۇر مىننەتدار بولدى. خېڭتىيەن ئەپەندى مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى تۈركىي تىللار فاكۇلتېتىنىڭ تەتقىقات ئورنىدا ئىككى ئايدە تۇرۇش جەريانىدا گۈلزار ئۇنىڭغا ھەر كۈنى دېگۈدەك ھەمراھ بولۇپ، ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ بەردى، بىر ئاز ياپونچە ئۆگەندى. خېڭتىيەن ئەپەندى خانقىزدىن ئۇيغۇرچىنى خېلىلا ياخشى ئۆگەنگەن بولۇپ، مەقسىتىنى ئۇقتۇرالايتتى. بىر كۈنى خېڭتىيەن ئەپەندى تۇيۇقسىز خانقىزنىڭ تۇرمۇش ئىشى توغرىلىق ئېغىز ئېچىپ قالدى. گۈلزارمۇ تېلېفوندا خانقىز بىلەن مۇشۇ ئىش توغرىلىق ئۆز ئارا قىزغىن ھەم شېرىن پاراڭلارنى قىلىشىپ قالاتتى. خانقىزنىڭ دېيىشىچە، ئۇ شاڭخەيدە ئوقۇۋاتقاندا ئۈرۈمچىلىك بىر بالا بىلەن ئارىلاشقان بولۇپ، ئۇ بالا كېيىن ۋاپاسىزلىق قىلغان. خانقىز ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ئۈرۈمچىگە بېرىپ ئۆيدە ھېچ تۇرغۇسى كەلمىگەن. ئىلگىرى شاڭخەيدە تونۇشۇپ، كېيىن ئۈرۈمچىدە

كۆرۈشۈپ قەدىناس بولۇپ قالغان خېكتىيەن ئەپەندىنىڭ ياردىمىدە ياپونىيەگە چىقىپ بىر ئوقۇغانچە بەش يىل ئوقۇپ، مانا ئەمدى يېشىمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى. ئۆيىدىكىلەرگە تېلېفون قىلسا، ئۇلارنىڭ دەيدىغىنىمۇ شۇ ئىدى: لايىق تاپ بالام، لايىق... ئۈرۈمچىدە ساڭا قاراپ تۇرغان نى ئېسىل يىگىتلەر بار، ئاتا-ئانىلىرى ئۆبدان... خانقىز ئاتا-ئانىلىرى ئەۋەتكەن خەت-خالتا ئېچىدىن ھەر قېتىم بىرسىنىڭ سۈرىتى بىلەن ئۆز ئەھۋالى ھەققىدە يازغان، پىچەتلەنگەن خەتلەرنى تاپشۇرۇپ ئالاتتى. بەزىلىرى خېتىدە مەن پالانى دۆلەتتە مانچە يىل ئوقۇپ كەلگەن دېسە، بەزىلىرى مەن ئۈرۈمچىدە پۈكۈنى ئىدارىدە نەچچە مىڭ كويدىن مائاش ئېلىپ ئىشلەيمەن، دەيتتى. بەزىسى، ئۆزەمنىڭ قۇرغان شىركىتىم بار، تويغا ئاتاپ قويغان 50-، 60 تۈمەن پۇلۇم بار، توي قىلىپ ياپونىيەدە بىللە راھەتتە ياشىساق... دەيتتى. خانقىز ئۇلارنىڭ خېتىگە ئانچە ئىشەنمىگەن، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ سەممىيىتىدىن گۇمانلانغان. چۈنكى بىر قىزنىڭ كۆڭلى ۋە قانداق ئويلىشى بىلەن چاتىقى يوق، خۇددى باھا قويغان سودىگەردەك گەپنى ئوچۇقتىن ئوچۇقلا دېيىشى خانقىزنىڭ غۇرۇرىغا تەگكەنىدى.“ بۇلار مېنى ياپونلۇقتەك پۇلپەرەس كۆرگەن چېغى-دېگەنىدى خانقىز تېلېفوندا،- دېمىسىمۇ ياپونلۇقنىڭ ئېتىقاد قىلىدىغىنى مال-دۇنيا، شىركەت بۇلارنىڭ ئىبادەتخانىسى. لېكىن بىز خەق بۇلارنى مەڭگۈ دوراپ بولالمايمىز. بىز پەقەت ئۇيغۇر، ئۆز غۇرۇرىمىزنى ساقلاپ ياشىساقلا بولىدۇ. ئۆزىمىزگە خاس نەرسىلەر ئەسلىدە ئەڭ قىممەتلىك نەرسىلەر. لېكىن بەزى ئۈرۈمچىلىكلەر بۇنى چۈشەنمەيدىكەن. ھەممىنى پۇل بىلەن ئۆلچەيدىكەن... مەن بۇلاردىن قورقىمەن. ئۇلارنىڭ مەن بىلەن پەقەت مەلۇم مەنپەئەت ئۈچۈنلا توي قىلغۇسى بار، شۇڭا ھەممىنى رەت قىلىۋەتتىم”.

خېكتىيەن ئەپەندىمۇ خانقىزنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەنگەچكە گۈلزارغا خانقىزنىڭ لايىق تاللاش ئۆلچىمىنى ئېيتىپ ئۆتتى. خانقىز كۆپلىگەن قىزلارغا ئوخشاشلا، ياخشى كۆرۈشنى بىرىنچى شەرت قىلاتتى، شارائىتىنىمۇ ئويلايتتى. گۈلزار بىر قېتىم تېلېفوندا: سىزنىڭ تەلىپىڭىزگە لايىق كېلىدىغان بىرەرسىنىڭ چىقىشى تەس جۇمۇ، نېمىشقا ياپونلۇق بىرەر بالىنى ياخشى كۆرۈپ باقمىدىڭىز؟ دەپ سورىغاندا خانقىز كەسكىن تەلەپپۇزدا: ياپونلۇقلار بىلەن بىزنىڭ ئاڭ پەرقىمىز قانچىلىك بىلەمسىز؟ بىزنىڭ بۇ خەق بىلەن تىلىمىز بىر ئاز يېقىن كەلگىنى بىلەن قالغان تەرەپتىن ھېچ بىر ئورتاقلىقىمىز يوق. بۇ خەق بۇددىست، ئەمەلىيەتتە بۇتقىمۇ كۆپلىرى ئىشەنمەيدۇ، چوقۇنىدىغان نەرسىسى پەقەت ئەجدادى ۋە ھازىرقى سامۇراي پادىشاھى. بىز بولساق مۇسۇلمان، ئۆز دىنىمىز، ئەخلاقىمىز، تۇرمۇش ئۇسۇلىمىز بار. مەن ياپون مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىۋاتىمەن، بۇ خەقنى باشقا ھەر قانداق ئۇيغۇردىن ئوبدان چۈشىنىمەن دەپ ئويلايمەن. چۈشەنگەنچە بۇ خەق بىلەن ئارىمىزدىكى ئاسمان-زېمىن پەرقنى تېخىمۇ ئېنىق ھېس قىلدىم. بۇ جەھەتتىن مەن ھېسسىياتقا بېرىلمەيدىغان، ئىلمىي بىر قىز... دېگەنىدى. گۈلزار يەنە گەپ ئالماقچى بولۇپ: مۇھەببەت دېگەن دۆلەت، مىللەت ئايرىمايدىغۇ؟ دېدى، خانقىز: ئۇ شۇنداقلا ئېيتىلغان بىر گەپ، ئادەم رومانتىك بولسا دائىم يوقىلاڭ نەرسىلەرگە، يالغان گەپلەرگە ئىشىنىپ قالىدۇ. ئۇنداق ئىشلار پەقەت كىنولاردا، رومانلاردا بار، بەلكىم رېئاللىقتىمۇ بولۇشى مۇمكىن، ئەمما رايون ئاتالغان ھەقىقىي مۇھەببەت

بەك ئاز. كۆپلىرى يەنىلا مەلۇم مەنپەئەتكە باغلىنىدۇ. بەلكىم مەن ياپونىيىدە جىق تۇرۇپ، پۇل، مەنپەئەتنى جىق ئويلايدىغان بولۇپ كەتكەندىمەن... دېدى. گۈلزار دەرھال: ياق، خانقىز، ھازىر ھەممە يەر ئوخشاش. ئادەملەر مەنپەئەتنىڭ قۇلى. نۇرغۇن دۆلەتلەر نىمىشقا ئامېرىكىلىق بىلەن ياپونلۇقلارغا قايىل، چۈنكى بۇ ئىككى دۆلەت ئادەملىرى مەنپەئەتنىڭ قۇربانى بولۇش ئارقىلىق تەرەققىي تاپتى ، بىرى غەرپ دۇنياسىغا، بىرى شەرق دۇنياسىغا ئۆرنەك بولدى. ھازىر ھەممە ئادەم شۇ دۆلەتنىڭ ئادەملىرىگە ھۆرمەت قىلىدۇ، ھەتتا شۇلارغا چوقۇنىدىغانلىرىمۇ بار...

ئىككى ئاسپىرانت بۇ ھەقتە خېلى ئۇزاق پاراڭلاشتى، ئاخىر گۈلزار خانقىزغا تېلېفون پۇلىنىڭ جىق كېلىپ كېتىشىدىن ياكى ئۇنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىنى ئېلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ گەپنى توختاتتى. گۈلزار شۇ قېتىملىق سۆھبەتنى ئويلاپ، خېڭتيەن ئەپەندىنىڭ خانقىز ھەققىدە دەۋاتقان گەپلىرىنىڭ، ئۇنىڭ كەلگۈسىدىن قىلىۋاتقان غەملىرىنىڭ ئورۇنسىز ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى. خېڭتيەن ئەپەندىنىڭ بۇ ئىشقا خۇددى خانقىزنىڭ ئۆز ئاتا-ئانىسىدەك كۆڭۈل بۆلۈپ كېتىشى گۈلزارنى تەسىرلەندۈردى. خېڭتيەن ئەپەندىنىڭ بىرلا بالىسى، يەنى چوڭ قىزى بولۇپ، مۇزىكا مۇئەللىمى ئىدى، ئېرى بىلەن بىللە توكيودا تۇراتتى. خېڭتيەن ئەپەندى بولسا ئۆزىدەك قېرى كەمپىرى بىلەن بىللە يوكوخاما شەھىرىدىكى ئىككى قەۋەت كەڭرى ئۆيىدە يالغۇز تۇراتتى. خانقىز ياپونىيىگە كەلگەندىن كېيىن بوۋاي-موماي ئۇنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالدى، ئوماق ۋە مىجەزى ئوچۇق خانقىزنى بارا-بارا ياخشى كۆرۈپ قالدى، ئاخىر ھەتتا ئۆز قىزىدەك كۆرۈپ بالىچىلاپ بېقىۋالدى. شۇنداق بۇيان خېڭتيەن ئەپەندى بىلەن كەمپىرى يالغۇز قالمايدىغان بولدى، ئۆز قىزىغا بېرەلمىگەن مېھىر-مۇھەببىتىنى خانقىزغا بەردى ھەم ئۆز قىزىدىن ئالالمىغان مېھرىبانلىق ۋە سۆيۈنۈشنى خانقىزدىن ئالدى. ئادەملەر جان بېقىش ھالاكىچىلىكىدە تېپىرلاپ يۈرۈپ ئۆز ئارا ياتلىشىپ كەتكەن بۇ بۇيۈك ئىقتىسادىي دۆلەتتە خېڭتيەن ئەپەندىنىڭ ئائىلىسىدەك بۇنداق گۈزەل ئائىلە ھەقىقەتەن كەم ئۇچرايتتى. بۇ ئەھۋاللارنى بىلىدىغان گۈلزار خانقىزغا كەلگەن بۇ ئامەت ۋە ياخشى شارائىتقا ھەۋەس قىلاتتى.

گۈلزار خېڭتيەن ئەپەندىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خانقىزنىڭ ئىشىنى ئويلا-ئويلا كاللىسىغا تۈيۈقسىز ئابلىكىم كەلدى. ئابلىكىم ياخشى ئوقۇغان، شېئىر يازىدىغان ، ئۆزىمۇ قاملاشقان بالا ئىدى، خانقىزغا خېلى ماس كېلىدىغاندەك قىلاتتى. ئابلىكىم بېيجىڭدا ئىشلەپ قالغاندىن كېيىن گۈلزار بىلەن تېخىمۇ ياخشى ئۆتىدىغان بولۇپ كەتكەنىدى. ئەمما ئىككەيلەن ئۆز ئارا مۇھەببەتلىشەلمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى، بۇنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە ئايان مىجەزى بەلگىلەپ قويغانىدى.

خېڭتيەن ئەپەندى ئىشلىرىنى تۈگىتىپ ياپونىيەگە قايتىش ئالدىدا گۈلزار ئابلىكىمگە تېلېفون قىلىپ، خانقىزنى تونۇشتۇردى. خالىسا خەتتىن بىر پارچە يېزىپ، يېقىندىن نەشردىن چىققان بىر پارچە شېئىر توپلىمىنى خېڭتيەن ئەپەندىگە بېرىپ قويۇشىنى، نېمىلا بولمىسۇن بۇ ئىشنى بىر سىناپ بېقىشىنى تەۋسىيە قىلدى. ئابلىكىممۇ ئارتۇق ئويلىنىپ يۈرمەيلا قىزىقچىلىقتا ماقۇل دېدى. ئابلىكىم يىراقتىن بىر چىرايلىق گۈل كۆرۈپ ئىلھاملانغاندەك بىر

تۈيغۇدا تەپەككۇر ئېتىنى چاپتۇرۇپ ئىككى بەت سالام خەتنى ئوخشىتىپ يازدى. ئۇ قىزغا بېغىشلانغان سەمىمىي مەدھىيەلەردىن كېيىن ئۆزىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇشنى ئۇنتۇپ قالمىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆزىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە ئارزۇ-ئارمانلىرىنى بىر قىزنىڭ يۈرىكىنى تىترەتكۈدەك تەسىرلىك، گۈزەل ئىبارىلەر بىلەن ئىپادىلەشكە خېلى كۈچ سەرپ قىلدى. خېتىنى كونۋېرتقا چىرايلىق قاتلاپ سالدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە شېئىرلار توپلىمىنىڭ باش بېتىگە"ھۆرمەتلىك خانقىزغا تەقدىم" دەپ يېزىپ ئاستىغا ئىمزاسىنى قويدى. سۈرەت ئەۋەتسەم تەنتەكلىك بولۇپ قالامدۇ قانداق دەپ ئىككىلەندى. لېكىن بۇنىمۇ قىزىقچىلىق ئىلھامىدا ھەل قىلدى، ياخشى چۈشكەن سۈرىتىدىن بىرنى تاللاپ خەتنىڭ ئارىسىغا سالدى. ئەتىيازنىڭ قاتتىق چىقىۋاتقان شامىلىغا قارىماي ۋەلسىپىتىگە مىنىپ، تۈمەن خىل خىيال- تەسەۋۋۇر ئىلكىدە لەيلەپ گۈلزارنىڭ يېنىغا كەلدى. گۈلزار ئۇنى ئۈنىمىغىنىغا قارىماي خېنىتىيەن ئەپەندىنىڭ ياتىقىغا باشلاپ ئاپاردى. ئابلىكىم خۇددى قىزنى كۆرمەي تۇرۇپ بولغۇسى قېيناتىسىنى كۆرگىلى بارىدىغاندەك سەل جىددىيلىشىپ قالدى، ئەمما ھەممىنى ئاجايىپلىققا باغلاپ ئۆزىنى يەڭگىل تۇتۇشقا تىرىشتى. خېنىتىيەن ئەپەندى ئۇنى كۈلۈپ قارشى ئالدى. بىر-ئىككى ئېغىز پاراڭلاشقان بولدى. گۈلزارمۇ بىر چەتتىن ئابلىكىمنى مېنىڭ ئەلاچى ساۋاقدىشىم، پەزىلىتى ياخشى، شېئىر يازىدۇ، بىر كىتابى چىقتى، قەلىمى كۈچلۈك...ۋاھاكازا دەپ ماختاپ بەردى. خېنىتىيەن ئەپەندىمۇ بۇ گەپلەرنى بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرۇپ ئاڭلىدى. ئابلىكىم كىتاب بىلەن خەتنى ئۆز قولى بىلەن خېنىتىيەن ئەپەندىگە ئۇزاتتى. خېنىتىيەن ئەپەندى ئۇنىڭ چىرايىغا بىر قاراپ قويۇپ، كىتابقا زوقلىنىپ تىكىلىپ، خەتنى قولىغا ئېلىپ خەتنىڭ ئېغىرلىقىنى دەڭسەۋاتقاندەك بىر دەم تۇتۇپ تۇردى، ئاندىن خەتنى كىتابنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇپ سەپەر سومكىسىغا ئاۋايلاپ سالدى.

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتۈپ ئابلىكىم خانقىزدىن كەلگەن خەتنى تاپشۇرۇۋېلىپ ناھايىتى خۇشال بولدى. خانقىز بىرىنچى خېتىدە مۇنداق دەپ يازغانىدى:

ياخشىمۇسىز، ئالدى بىلەن خەت يازغانلىقىڭىز ئۈچۈن چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. خېتىڭىزنى تاپشۇرۇۋېلىپ ئىنتايىن خۇشال بولدۇم. خېنىتىيەن ئەپەندىدىن ئەۋەتكەن خەت ۋە كىتابىڭىزنى تاپشۇرۇۋالدىم. ماڭا نىسبەتەن ئويلاپمۇ باقمىغان، كۈتۈلمىگەن خۇشاللىق بولدى. گۈلزار ۋە ھەممىڭلارنىڭ ساق-سالامەت تۇرۇۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم. مەن ئۆزەممۇ ساق-سالامەت، ياخشى كېتىۋاتىمەن. ئەۋەتكەن كىتابىڭىزنى شۇ كۈن كېچىچە ئوقۇپ چىقتىم. مەنمۇ كىچىكىمدىن ئەدەبىياتقا بەك قىزىقىمەن. مەنىڭ ياخشى كۆرىدىغىنىم، يېزىقچىلىق ئەمەس، بەلكىم ئوقۇپ شۇ ئەسەر ھەققىدە ئويلىنىش بولۇشى مۇمكىن. سىزنىڭ يازغان شېئىرلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپ باققۇم بار.

گۈلزاردىن مەن توغرىلىق ئاڭلىغان بولۇشىڭىز مۇمكىن. شۇنداق بولسىمۇ ئۆزەمنى تونۇشتۇراي(ئۆز ئاغزىم بىلەن). ئىسمىم خانقىز. ئۈرۈمچى خۇڭسەندە تۇرىمىز. مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنىدە ئىككى يىل تەييارلىقتا ئوقۇغاندىن كېيىن شاڭخەي خۇادۇڭ پىداگوگىكا

ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ چەت ئەت تىلى فاكۇلتېتى (رۇس تىلى كەسپى)نى 1998-يىلى پۈتتۈرۈپ، شۇ يىلى 10-ئايدا ياپونىيەگە كەلدىم. بۇ يىل ھەش-پەش دېگۈچە بەش يىل بولۇپ قاپتۇ. ھازىرمۇ يەنە ئوقۇغۇچىلىق ھاياتى كەچۈرۈۋاتىمەن. ھازىر شىپىن نەيچۈەن داشۆسىدە ياپون خەلق مەدەنىيىتى تەتقىقات ئورنىدا دوكتورلۇق دەرسلىرىنى ئوقۇۋاتىمەن. كەسپىم فولكلور، تەتقىقات تېمام ياپونلارنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى. ئىنتايىن قىزىقارلىق، ئۆزەممۇ ياخشى كۆرۈپ قاللايدىغان تېما.

گۈلزار مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ھەم ھۆرمەت قىلىدىغان، مەن ئۈچۈن قىممەتلىك دوستۇم. قارىغاندا مېنى ئىنتايىن ماختاپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. بىراق بەكمۇ ئىشىنىپ كەتمەڭ. ئۇ قىز مېنىڭ دوستۇم بولغاچقا، دوست دوستىنىڭ ياخشى تەرىپىنى قىلىدۇ ئەمەسمۇ. مەنمۇ سىز توغرىلىق خېتىڭىز ئەپەندى ۋە گۈلزاردىن ئىنتايىن ياخشى سۆزلەرنى ئاڭلىدىم. خېتىڭىزنى ۋە كىتابىڭىزنى ئوقۇدۇم. سىز تېخى ياش تۇرۇپ بۇنداق ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپسىز. جاسارەت بىلەن ئىرادە بولمىسا ھېچ ئىش قىلغىلى بولمايدۇ. سىزنى چوقۇم جىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ كەلدى دەپ ئويلايمەن ھەم سىزنىڭ روھىڭىزغا ئىنتايىن ھۆرمەت قىلىمەن. مۇمكىن بولسا مەنمۇ سىز بىلەن تونۇشۇپ ياخشى دوست بولۇپ قېلىشنى خالايمەن. مۇمكىن بولسا بۇنىڭدىن كېيىنمۇ خەت يېزىشىپ تۇرايلى.

بۇ قېتىم سىزنىڭ كىتابىڭىزنى ئوقۇپ ھېس قىلغانلىرىم توغرىسىدا تەپسىلىي سۆزلىمەي تۇراي. كېيىنكى خەتلەردە سۆزلىشەيلى. كېيىنكى خېتىڭىزدە ماڭا ئۆزىڭىز توغرىلىق تېخىمۇ جىقراق سۆزلەپ بېرەرسىز. خوش، بۈگۈن خېتىمنى مۇشۇ يەرگىچە يازاي. تېنىڭىزگە سالامەتلىك، خىزمىتىڭىزگە ئۇتۇق تىلەيمەن. ھۆرمەت بىلەن: خانقىز
(ئەگەر خېتىمدە گراماتىكىلىق خاتالىقلار بولسا كەچۈرۈڭ. مەن ئۇيغۇرچىنى بەزەن-بەزەن چاغلاردا ئىنتايىن خاتا ئىشلىتىپ قالىمەن. گۈلزار مېنىڭ بۇ ھەقتىكى كومېدىيەلىرىمنى ياخشى بىلىدۇ).

خانقىز يەنە خېتىنىڭ ئاستىغا ناھايىتى ئوماق بىر كارىكاتورا رەسىم سىزىپ قويغان بولۇپ، بۇ رەسىم ئابلىكىمگە تولىمۇ سۆيۈملۈك، قىزىقارلىق كۆرۈندى.

ئابلىكىم بۇ خەتنىڭ ھاياجىنىدا شۇ كۈنلا قايتۇرۇپ قىزغىن سالامدىن بىرنى يوللىدى، خەتنىڭ مەزمۇنىنى ئۇ ھازىر ئەسلىيەلمەيدۇ، لېكىن خەتنى تولىمۇ تۈجۈپلەپ، يېقىشلىق يازغانلىقى ئېنىق. بۇنى خانقىزنىڭ ئىككىچى جاۋاب خېتىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

ھۆرمەتلىك ئابلىكىم، ياخشىمۇسىز؟ خېتىڭىزنى تاپشۇرۇۋالدىم. جاۋاپ خەت قايتۇرغانلىقىڭىز ئۈچۈن رەھمەت ئېيتىمەن. بۇ قېتىمقى خېتىم كېچىكىپ كەتتى. ماقالە يېزىش بىلەن بولۇپ كېتىپ ۋاقتىدا خەت يازالماي قالدىم. مەكتىپىمىزنىڭ ژۇرنىلىغا بىر پارچە ئىلمىي ماقالە يازغاندىم. ئىككى-ئۈچ قېتىم قايتىپ كەلدى. مەنمۇ بىر ئىش قىلسام شۇ ئىشنىڭ ئېچىگە پۈتۈنلەي كىرىپ كېتىمەن، قارشى تەرەپ بىلەن ئۆزەمنى رازى قىلغۇچە! ھازىرمۇ يەنە شۇ ماقالەمنى ئۆرۈپ-چۆرۈپ ئۆزگەرتىش جەريانىدا. ئىنتايىن جىددىيلىشىپ كېتىۋاتىمەن.

خېتىڭىزنى ئوقۇپ بەك خۇشال بولدۇم. بولۇپمۇ خېتىڭىزنى ئەپەندىنى ياخشى تەرپىلىگىنىڭىز ئۈچۈن بەك خۇشال بولدۇم. خېتىيەن ئەپەندى بىلەن 11 يىل بۇرۇن تونۇجى قىتىم كۆرۈشكەن. مانا ھازىرغىچە بىللە، بىللە تۇرۇۋاتقىلى بەش يىل بولدى. ھازىر ئۇلارنى دادا، ئاپا دەپ چاقىرىمەن (بەش يىل دادا، ئاپا دەپ چاقىرىپتىمەن). مېنىڭ بۇ ئىككىسىگە بولغان ھېسسىياتىمنى بىر ئىككى ئېغىز سۆز بىلەن بەلكىم ئىپادىلەپ بەرگىلى بولماس. ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىپ مېنىڭ ھاياتىم ئۆزگەردى. ئۇلار بولمىغان بولسا ھازىرقى مەن يوق. سىزنىڭ خېتىيەن ئەپەندى توغرىلىق يازغانلىرىڭىزنى خېتىيەن ئەپەندىگە ئوقۇپ بەرسەم بەك خۇشال بولۇپ رەھمەت ئېيتتى.

خېتىڭىزنى ئوقۇپ سىزنىڭ مىجەز-خۇلقىڭىزنى ئازراق بولسىمۇ چۈشەنگەندەك ھېس قىلدىم. بەزەن ئوي-پىكىر ۋە قاراشلىرىمىز بەلكىم ئازراق ئوخشىشىپ قېلىشى مۇمكىن. مۇھەببەت، سۆيگۈ توغرىلىق يېزىپتىكەنسىز. مەن مۇھەببەت ئادەمنىڭ تۇيغۇلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئالىيجاناپ، گۈزەل، لېكىن يۈرەكنى ئاغرىتىدىغان نەرسە دەپ چۈشىنىمەن. مۇھەببەتلەشكەن ئىككى ئادەم بىر-بىرىسىگە يار-يۆلەك بولۇپ، بىر-بىرىنى چۈشىنىپ، بىللە يىغلاپ، بىللە كۈلۈپ ياشايدۇ. ياپونىيىدە بەش يىل تۇرۇپ ھەر خىل نەرسىلەرنى ئاڭلاپ، بىلىپ، كۆرۈپ، بىز بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئىنتايىن چوڭ پەرق بارلىقىنى ھېس قىلدىم. ئۇلار يۈز پىرسەنت خاتا دەپ ئويلىمايمەن، مەن يۈز پىرسەنت توغرا دەپ ئويلىمايمەن. لېكىن ئۆزى ئىشەنگەن، توغرا دەپ بىلگەن نەرسىگە ئېتىقاد قىلغاندا ئاندىن مەن بىلەن باشقىلارنىڭ ئوخشىماسلىقى چىقىدۇ. مەن مېنىڭ ئويلىغانلىرىم بويىچە ئىش قىلىشىم كېرەك دەپ داۋاملىق ئويلايمەن.

بېيجىڭ سوغۇق بولۇپ كەتتىمۇ؟ ياپونىيە(يوكوخاما) بىر يىلنىڭ تۆت پەسلىدىمۇ ئىللىق. قىشىمۇ بەك سوغۇق ئەمەس. بېيجىڭدا ئىككى يىل، شاڭخەيدە تۆت يىل تۇرۇپ ئۈرۈمچىنىڭ سوغوقلىرىنى ئۇنتۇپ قالاي دېدىم. بىراق داۋاملىق ئۈرۈمچىنىڭ قىشلىرىنى سېغىنىمەن. قار لەپىلدەپ يېغىپ تۇرغان قىشنىڭ قاراڭغۇ سەھەرىدە ئۇكام بىلەن ئىككىمىز مەكتەپكە ماڭاتتۇق. قار ئۇچقۇنلىرى يولدىكى چىراغنىڭ يورۇقىدا كۆكۈش رەڭدە بەكمۇ چىرايلىق كۆرۈنەتتى. داۋاملىق ئېسىمگە كېلىدۇ. 11 يىل ئاتا-ئانامدىن ئايرىلىپ ئۆزەم يالغۇز سىرتتا ياشاپتىمەن. بەزەن چاغلاردا كەيىنىمگە بۇرۇلۇپ ھازىرغىچە جىق يوللارنى بېسىپتىمەن. ھايات دېگەن ئاجايىپ نەرسىكەن دەپ ئويلاپ قالىمەن. بىراق ھازىر سىز بىلەن تونۇشقىنىم مەن ئۈچۈن ئىنتايىن ياخشى، خۇشاللىنارلىق ئىش. خېتىيەن ئەپەندى پات-پات سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزنى سوراپ تۇرىدۇ.

ئابلىكىم، مەن سىز بىلەن بىر ئىش توغرىلىق مەسلىھەتلەشسەم دەپ ئويلايمەن. كېلەر يىلى (2003-يىلى) 1-ئايلار ئەتراپىدا بېيجىڭغا بېرىپ سىز بىلەن كۆرۈشۈپ كېلىشنى ئويلاۋاتىمەن. سىزنىڭ بۇ ئىشقا قانداق قارايدىغانلىقىڭىزنى بىلمەيمەن. سىزنىڭ پىكىرىڭىزنىمۇ ئاڭلاپ باققۇم بار. خېتىيەن ئەپەندى بىلەن بىللە بېرىپ قېلىشىم مۇمكىن. خېتىيەن ئەپەندى چوقۇم سېنى بىللە ئېلىپ بارىمەن دەيدۇ. بىراق مەن بېيجىڭ بەك سوغۇق،

ئۆزەم باراي دەپ تۇرۇۋاتىمەن. ئۇرۇمچىگە بارمايمەن. شاڭخەيگە ئوقۇتقۇچۇمنى يوقلاش ئۈچۈن بېرىشىم مۇمكىن. بەلكىم ئەمەلىيەت ئوخشۇشلۇق بولماسلىقى مۇمكىن. لېكىن ھېچ بولمىغاندا سىز بىلەن ھەقىقىي ياخشى دوستلاردىن بولۇپ قېلىشنى خالايمەن.

ھەش-پەش دېگۈچە يېڭى يىل يېقىنلىشىپ قالدى. 2003-يىل يېڭى يىلدا قانداق يېڭى ئىشلار بىزنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقانلىكىن. يېڭى يىل كېچىسى نېمە ئىش قىلىشنى ئويلاۋاتىسىز. مەنمۇ بىرەر ئەھمىيەتلىك ئىش قىلىپ ئۆتكۈزەيمىكىن دەپ ئويلاۋاتىمەن.

خېڭتىيەن ئەپەندى ۋە ئاپاش سىزگە كۆپ سالام ئېيتتى. خېتىڭىزنىڭ ئاخىرىدىكى ئەتىرگۈل بەكمۇ چىرايلىق سىزىلىپتۇ. تۇرمۇشىڭىزغا خۇشاللىق، تېنىڭىزگە سالامەتلىك تىلەپ، ھۆرمەت بىلەن: خانقىز.

خەتنىڭ قېتىدا خانقىزنىڭ كېچىدە بىر باغچىنىڭ يېنىدا چۈشكەن سۈرىتى بولۇپ، قىزنىڭ بوي-بەستى كىچىك، يۈزى يۇمىلاق، كۆزى چوڭ ئىدى، كۆزلىرىدىن زېرەكلىكى ۋە يەنە بىلىملىكلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئابلىكىم سۈرەتكە قاراپ ئۇزاق تۇرۇپ كەتتى، رەڭگارەڭ تەسەۋۋۇرلارغا چۆمۈلدى، شۇنداقلا خانقىزنىڭ بېيجىڭغا كېلىپ ئۆزى بىلەن كۆرۈشمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى، بەلكىم ئاشۇ گۈزەل مۇھەببەت تەسەۋۋۇرىنىڭ پات ئارىدا بېيجىڭدا رېئاللىققا ئايلىنىش مۇمكىنلىكىنى ئويلاپ جىددىي، ئەمما شېرىن خىياللارغا غەرق بولدى. خانقىزنىڭ خېتىدىكى كۆكۈش قار مەنزىرىسى ئابلىكىمگە خانقىزنى شېئىرىي ھېسسىياتقا باي بىر قىزدەك، ئۆزى بىلەن مەلۇم ئورتاقلىقى باردەك ھېس قىلدۇردى. بۇ ئۇنىڭغا خانقىز بىلەن كەلگۈسىدە چىقىشىپ كەتكىلى بولىدىغاندەك، ھەتتا ئوي-پىكرى، چۈشەنچىسى، ئىلھامى بىر يەردىن چىقىدىغان دىلكەش ئاشىق-مەشۇققا ئايلىنالايدىغاندەك تەسىرات ۋە بىشارەت بەردى. بۇنىڭ تۈرتكىسى ۋە ھاياجىنى ئابلىكىمنى دەرھال يەنە بىر پارچە تەسىرلىك جاۋاب خەت يېزىشقا ئالدىراتتى. ئۇ بىر ئولتۇرۇشتىلا بەش بەت يازدى، يازغانلىرىنى ئوقۇۋېتىپ بەزى جۈملىلىرىدىكى شېئىرىي ھېسسىياتنىڭ تولىمۇ چىن ھەم چوڭقۇرلۇقىدىن ئۆزىمۇ تەسىرلىنىپ كەتتى، بۇرۇن ئېلان قىلغان شېئىرلىرىدىمۇ ئۇ بۇنىڭدەك ئاجايىپ ھېسسىياتلارنى ئىپادىلەپ باقمىغانىدى. ھەقىقىي ئەسەر ئادەمنىڭ خۇسۇسىيىتىدە بولىدىكەن دەپ ئويلىدى ئۇ، يازغۇچىنىڭ خەت-چەكلىرى، كۈندىلىك خاتىرىلىرى ئەسلىدە ئەڭ نادىر ئەسەرلەر ئىكەن. يازغان خەتلىرى ئىچىدە ئەڭ ئېسىل يازغان بۇ خەتنى ئابلىكىم ھازىرمۇ ھاياجان بىلەن ئەسلەيدۇ. ئۇ شۇ كۈنىلا خەتنى سېلىۋەتتى. يېڭى يىل كىرىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا خانقىزدىنمۇ جاۋاب خەت كەلدى، بۇ ئۈچ بەت خەت چۆرىسىگە پورەكلەپ ئېچىلغان ئەتىرگۈلنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن رەڭلىك ۋە خۇشپۇراقلىق ئالاھىدە قەغەزگە يېزىلغان بولۇپ، ئابلىكىم خەتنى ئاۋايلاپ ئېچىشى بىلەنلا زوقلىنىپ قاراپ قالدى، كېلىۋاتقان خۇشپۇراقلاردىن خۇددى خانقىزنىڭ ھىدىنى پۇراۋاتقاندەك مەست بولدى.

ھۆرمەتلىك ئابلىكىم، ياخشىمۇسىز!- دەپ باشلانغانىدى خانقىز خېتىنى يەنە، خېتىڭىزنى تۈنۈگۈن كەچتە تاپشۇرۇپ ئېلىپ بەك خۇشال بولدۇم. مەن ھەم خېڭتىيەن ئەپەندىلەر ھەممىمىز ياخشى تۇرۇۋاتىمىز. خېڭتىيەن ئەپەندى ئائىلىسىگە سىزنىڭ

سالامىڭىزنى يەتكۈزدۈم. ھەممىسى خۇشال بولدى، سىزگىمۇ قايتۇرۇپ سالام ئېيتتى. ئۆتكەنكى خېتىمدە يازغانلىرىمغا بىر-بىرلەپ جاۋاپ قايتۇرۇپسىز. مېنىڭ باللىق دەۋردىكى ئىشلارنى خەتكە يېزىپ سىزنى زېرىكتۈرۈپ قويدۇممىكىن دەپ ئەنسىرەپ قالغانىدىم. خېتىڭىزنى كۆرۈپ مېنى چۈشەنگەنلىكىڭىزدىن بەكمۇ سۆيۈندۈم. مەن ياپونىيىگە كېلىپ، بەك ئۇزاق ۋاقىت ئائىلەمدىن ئايرىلىپ، يۇرتۇمدىن ئايرىلىپ، سىلەردىن(مىللىتىمدىن) ئايرىلىپ ئۆزەم يالغۇز ياشاپ كەپتىمەن. ئۇرۇمچى مەن ئۇچۇن ئەسلىمەمدىكى ئەڭ ئىللىق گۈزەل يۇرت. بەك كىچىك ۋاقتىمدىكى ئىشلارنى ئەسلىيەلمەيمەن. تولۇق ئوتتۇرىدىكى 2 يىل ۋاقتىمنى تۈنۈگۈنكىدەكلا ئەسلىيەلەيمەن. بىر كۈنى مەكتەپتىن قايتىپ كېلىۋاتسام، بەكمۇ چوڭ سۇپەت، ئېسىل كىيىنگە ئالىم سۇپەت بىر پېشقەدەم كىشى توساتتىن(شىنجاڭ گېزىتخانىسىنىڭ ئالدىدا) بالام، سىز كىمنىڭ قىزى دەپ سورىدى. مەن قورۇنمايلا جاۋاپ بەردىم. ئۇ كىشى، ئاپىڭىز مېنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقان ئوقۇغۇچۇم ئىدى، مەن سوۋېتقا چىقىپ كەتكىلى 30 يىلغا يېقىن بولدى، ئالدىنقى كۈنى قايتىپ كېلىشىم. سىزنى كۆرۈپ ئاپىڭىزنىڭ 30 يىل بۇرۇنقى ھالىتىنى كۆرگەندەك بولۇپ سىزگە سالام قىلدىم بالام، دەپ كۆزىگە ياش ئالماسمۇ، چوڭ دادا، ئاپام بىلەن كۆرۈشۈڭ دەپ ئۆيگە باشلىدىم. ئۇ كىشى ئۆيگە كىرگەندە دادام، ئاپام ھەيرانۇ ھەس قالدى. ھازىر ئۇستىلىمگە، دادام-ئاپامنىڭ رەسىمىگە قاراپ تۇرۇپ سىزگە بۇ خەتنى يېزىۋاتىمەن. ئۆزەمنى بارغانسېرى ئاپامنىڭ ياش ۋاقتىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشاپ كېتىۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلىۋاتىمەن. ئەمدى نېمىشقا بۇنداق گەپلەرنى سىزگە يېزىپ يۈرىمەن دەپ ئۆزەمدىن سۇئال سورىسام، جاۋابىنى بىلمەيمەن. يېڭى يىل يېقىنلاشقانسېرى ئۆيىنى، دادام-ئاپامنى سېغىنىپ ئەس-ھۇشۇم قالايمىقانلىشىپ، قالايمىقان سۆزلەيدىغان بولۇپ كېتىۋاتىمەن (كەچۈرۈڭ).

خېتىڭىزنى ئوقۇپ بەك خۇشال بولدۇم. بەلكىم تېپىلغۇسىز ياخشى دوستقا تاسادىپى ھالدا ئېرىشكەن بولۇشۇم مۇمكىن. ماڭا يازغان ياخشى خەتلىرىڭىز ئۈچۈن سىزگە كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن. 1-ئايدا بېيجىڭغا بارايمىكىن دەپ ھازىرمۇ ئويلاۋاتىمەن. ھاۋا بەك سوغۇق بولۇپ كەتسە بىرەر قىشلىق چاپىنىڭىزنى بېرىپ تۇرارسىز... خېڭتىيەن ئەپەندى بىلەن ئايالىنىڭمۇ بەك بارغۇسى بار. بۇ ئىش توغرىلىق يەنە ئۇلار بىلەن ياخشى سۆزلىشىپ باقاي، ئەگەر مەن ئۈچۈنلا بارىدىغان بولسا، ئۇلار بىلەن ئەمەس، ئۆزەم يالغۇز بارسام بولىدۇ. بۇ ئىككىسىنى ئاسرىمىسام بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر ئىككىلىسى ئالدىراش. مەن بېيجىڭغا بارىدىغان چاغدا يەنە خەت يېزىشىم مۇمكىن. سىز خېتىڭىزدە گەرچە مەن ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىسامۇ ئۆزەمنى ئوڭشىيالايمەن دەپ يېزىپسىز. بىراق مەن ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىسام ئۇزاقتىن ئۇزاققىچە ئۆزەمنى ئوڭشىيالمايمەن. ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان چېغىمدا دوستلۇق قوللىرىڭىزنى سۇنۇپ تەسەللىي بېرىپ قويارسىزمۇ؟

خېتىڭىزنى نەچچە قېتىم، نەچچە قېتىم ئوقۇدۇم. سىزنىڭ نېمە دەپ، نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىڭىزنى ئاجايىپ چۈشەنگەندەك بولدۇم. سىزگە ئوخشاش ياخشى تەربىيە كۆرگەن، ياخشى خەتلەرنى يازالايدىغان، ياخشى پىكىرلەرنى قىلالايدىغان يىگىت بىلەن پاراڭلىشىش

بەكمۇ كۆڭۈللۈك بولسا كېرەك(سىزنى بەكمۇ كۆرگۈم بار). سىزنىڭ تەسەۋۋۇرىڭىزدىكى ئۇ گۈزەل تۇرمۇش قانداق تۇرمۇش؟ سىزنىڭ شېرىن خىيالىڭىز قانداق خىيال؟ (بىلسەم بولامدۇ؟) سىزنىڭ "تۇيغۇلارنى قەدىرلەش كېرەك، ئۈمىت تۇيغۇدىن تۇغۇلىدۇ" دېگەن سۆزىڭىزگە تامامەن قوشۇلىمەن.

دېگىنىڭىزدەك، 2003-يىلى كىرىشكە ئاز قالدى. يېڭى يىلدا ھەر بىر كۈننى قەدىرلەپ، ئۆزىمىزنىمۇ قەدىرلەپ، جېنىمىزنىڭ بارىچە تىرىشىپ ياخشى ھايات كەچۈرەيلى. يېڭى يىل كېچىسى بەلكىم يەنە ئۆگىنىش قىلىپ ئۆتكۈزۈشۈم مۇمكىن. كىتاب ئوقۇش مەن ئۈچۈن ئەڭ كۆڭۈللۈك، ئەھمىيەتلىك ئىش. سىز شېئىرىيەتتە داۋاملىق ئىزدىنىۋاتقانلىقىڭىزنى يېزىپسىز. تۇرمۇشتا گۈزەل ئىشلار، ئەتراپىمىزدا گۈزەل نەرسىلەر، ياخشى ئادەملەر بەك كۆپ دەپ ئويلايمەن. ئەدەبىي ئەسەرلەر ئادەمنىڭ كۆڭلىنى گۈزەللىككە باشلايدۇ، ئۈمىت بېغىشلايدۇ. سىزنى بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ياخشى شېئىرلارنى يازالايدۇ دەپ ئىشىنىمەن. ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى مېنىڭ قەلبىمدە مەڭگۈ ساقلىنىپ قالىدىغان، ھەر قېتىم ئېسىمگە ئالسام كۆڭلۈم سۆيۈنىدىغان بىردىن بىر سۆيۈملۈك سۆز تېيىپچان ئېلىيوپنىڭ شېئىرىدىكى«سوغۇق سۇمۇ كۆيدۈرىدىكەن يۈرەكنى» دېگەن بىر جۈملە سۆز. بۇ بەلكىم دۇنيانىمۇ غۇرۇر بىلەن كۆتۈرۈپ چىقالايدىغان مەشھۇر سۆز. مەن ھازىرغىچە ئۇيغۇرلارنىڭ، رۇسلارنىڭ، خەنزۇلارنىڭ، ياپونلارنىڭ، تۈركلەرنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ كەلدىم. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا«قىزىل راۋاقتىكى چۈش»، «سۇ بويىدا»، «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە» دېگەن كىتابلارنى ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە سېلىشتۇرۇپ ئوقۇغىنىم ئېسىمدە. مەن خەنزۇلارنىڭ ئەدەبىياتىغا ئىنتايىن قىزىقىمەن ھەم كۆڭلۈمدە ئىنتايىن يۇقىرى باھا بېرىمەن. لۇشۈننى ياخشى كۆرىمەن. مەن سىزنىڭ خەنزۇلارغا قانداق قارايدىغانلىقىڭىزنى ئۇقمايمەن. لېكىن مەن ھازىرقى ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ھېچنېمىدىن خەۋىرى يوق ھالدا خەنزۇلارنى مەنسىتمەيدىغانلىقىنى قەتئىي ياقتۇرمايمەن. مەن خەنزۇلارنىڭ يامان ئادەتلىرىنى كۆرۈپ بىز ئۇيغۇرلار ئىنتايىن گۈزەل ئەخلاقلىق، پاكىز مىللەت ئىكەنمىز دەپ ھېس قىلىش بىلەن بىرگە يەنە بىز ئۇيغۇرلاردا يوق نۇرغۇن ياخشى تەرەپلەرنىڭ خەنزۇلاردا بارلىقىنى داۋاملىق ھېس قىلىمەن. مەن ياپونىيىگە كەلگەندىن كېيىن ياپونىيىلىكلەرنىڭ ئارىسىدا قانداق قىلىپ خەنزۇلاردىن پەرقلىنىدىغان جۇڭگولۇق ، يەنى ئۇيغۇر مىللىتى ئىكەنلىكىمنى بۇلارغا بىلدۈرۈش ئۈچۈن كۆپ باش قاتۇردۇم. ئادەمنىڭ ئۆزىگە ئىشىنىدىغان، ئۆزىنى باشقىلارغا قوبۇل قىلدۇرالايدىغان، بۇ مېنىڭ دۇنيادىكى باشقىلاردىن پەرقلىنىدىغان يېرىم دەپ ئىشەنچ باغلىيالايدىغان ئالاھىدىلىكى بولمىسا ئىنتايىن ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولىدۇ.

بۇنىڭدىن كېيىن مەن سىزنىڭ يازغان ئەسەرلىرىڭىزنىڭ قىزغىن ئوقۇرمەنى بولۇشۇم مۇمكىن. بىراق ئاسانلا ئېغىزدىن چىقىرىدىغان ماختاشلارنى(ئەل قاتارى) دېمەسلىكىم مۇمكىن. لېكىن بۇ ئەسەرنى ياخشى يېزىپتۇ دەپ ھېس قىلغان چېغىمدا سىزنىڭ ئەسىرىڭىزنى ياپونچىغا تەرجىمە قىلدۇرۇپ ئۆزەم مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ياپونىيىدە نەشر قىلدۇرىمەن. 2003-يىلى يېقىنلاپ قالدى. بىزگە يەنە ئالدىمىزدا چوڭ ئىشلارنى قىلالايدىغان

پۇرسەت، ۋاقىتلار جىق. ياپونىيىگە كەلگەن 5 يىل، بىر ئېغىز سۆز بىلەن يىغىنچاقلىسام، ئۆزەم بىلەن كۈرەشكە تولغان 5 يىل بولدى. ئادەم ئۆزىنى يەڭگەن چېغىدا بەلكىم غەلىبە قىلىشى مۇمكىن. بۇ گېپىمنى جىق مەنىلەردە چۈشەنگىلى بولىدۇ. سىزگە ئوخشاش كۆڭۈلدىكى سۆزلەرنى يوشۇرماي دېيەلەيدىغان، تۈيغۇغا باي بىر دوستۇم بولۇشىنى بەك ئارزۇ قىلاتتىم. بەك ياخشى بولدى دەپ ئويلايمەن. يەنە جىق سۆزلەرنى يازغۇم بار ئىدى، بىراق... كېلەركى خېتىمغا قالدۇرۇپ قوياي. خېتىڭىزنى كۈتۈپ:

ــ ھۆرمەت بىلەن خانقىز

ئابلىكىم خەتنى يېنىش-يېنىشلاپ ئوقۇدى. خانقىز بۇ خېتىدە ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى تېخىمۇ روشەن كۆرسەتكەنىدى. بولۇپمۇ "سىزنى بەكمۇ كۆرگۈم بار"، "تېپىلغۇسىز بىر ياخشى دوستقا تاسادىپىي ئېرىشتىم"، "خېتىڭىزنى كۈتىمەن"... دېگەن گەپلەر ئابلىكىمنى تولىمۇ خۇشال قىلدى، "سىزنىڭ تەسەۋۋۇرىڭىزدىكى ئۇ گۈزەل تۇرمۇش قانداق تۇرمۇش؟ سىزنىڭ شېرىن خىيالىڭىز قانداق خىيال؟ (بىلسەم بولامدۇ؟)" دېگەن گەپلەر ئابلىكىمگە "ئەمدى ماڭا كۆڭلۈڭىزنى ئىزھار قىلسىڭىز بولىدۇ"دېگەندەكلا تۇيۇلدى ۋە دەرھال ئۇنىڭ جاسارىتىنى ئۇرغۇتتى. شۇ كۈنى كەچتە ئابلىكىم بىر دەم شېرىن خىيال سۈرۈپ ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ، ئوغۇللۇق جۈرئەت ۋە سەمىمىي ئارزۇغا تولغان رەسمىي بىر پارچە كۆڭۈلنامە يازدى، قەلبىنى تولۇق ئىزھار قىلدى، خەتنى يېزىۋېتىپ ئۆزىنى ھەقىقەتەن خانقىزغا غايىۋانە ئاشىق بولغاندەك ھېس قىلدى. بۇ خەتنى سېلىپ بولۇپ بىر ئايغىچە خانقىزدىن جاۋاب كەلمىدى، ئابلىكىم ھەر كۈنى خەت ساندۇقىغا قارايتتى، خەت كەلمىگەنچە ھەر خىل ئويلىنىپ، ئۈمىد ۋە ئۈمىدسىزلىك ئارىسىدا لەيلەپ يۈرەتتى. بىر كۈنى گۈلزاردىن تېلېفون كەلدى، گۈلزار نېمىگىدۇر ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتقاندەك ئىتتىك-ئىتتىك سۆزلەيتتى:

ــ ــ خانقىزدىن تېلېفون كەلدى، كېلەر ھەپتىنىڭ ئۈچىنچى كۈنى بېيجىڭغا كەلگۈدەك، سىنىڭ ئىشخاناڭنىڭ تېلېفون نومۇرىنى سورىدى، دەپ بەردىم، ئۆزى ساڭا تېلېفون قىلىشى مۇمكىن...

ھە ، بوپتۇ، رەھمەت ساڭا...

ئابلىكىم يەنە بىر دەم ھېس-ھاياجانغا تۇتۇلدى. مۇشۇنداق چاغدا ئۇ قايسىبىر غەرب مۇتەپەككۇرى ئېيتقان "زىيادە ھاياجان ئاجىزلىقنىڭ ئىپادىسى" دېگەن مەشھۇر سۆزنى يادىغا ئېلىپ، ئۆزىنى سالماق، جۈرئەتلىك بولۇشقا ئۈندەيتتى.

ــ ئەتىسى ساقچىخانىدىن بىرسى كېلىپ، ئاق تاماكا سېتىپ تۇتۇلۇپ قالغان بىر شىنجاڭلىققا تەرجىمان لازىملىقىنى ئېيتىپ ئابلىكىمنى ماشىنىسىغا سېلىپ ئەكەتتى. ئابلىكىم ئىدارىسىدە ھەممىدىن ياش، ئايىغى چاققان بولغاچقا بۇنداق ئىشلار ئىلگىرىمۇ ئۇنىڭ ئالدىغا پات-پات كېلىپ تۇراتتى. ساقچىلار ئۇنى بىر سوراقخانىغا ئېلىپ كىردى. شىنجاڭلىق جىنايەتچى دېگىنى سەل ئاقساپ ماڭىدىغان چىرايلىق بىر ئۇيغۇر قىزى بولۇپ، چىرايى بەئەينى ئېغىر ئازابنىڭ ئەينىكى ئىدى، ئابلىكىم خۇددى چېقىلىپ سۇنغان بىر ئەينەكتە ئۆزىنىڭ چىرايىنى كۆرۈۋاتقاندەك غەلىتىلا بولۇپ قالدى. ئۇ ئىلگىرى ئەر

جىنايەتچىلەرگە تەرجىمان بولغان، ئايال جىنايەتچىلەرگە يولۇقۇشى تېخى تۇنجى قېتىم بولۇپ، بىر دەمگىچە ئېسىنى ھېچ يىغالمىدى.

ــ ئېسمىڭ نېمە؟

ــ گۆلقىز.

ــ خىروئىننى نەدىن ئەكەلدىڭ؟

ــ يۈننەندىن.

ــ بۇ ئىشنى قىلغىلى قانچىلىك بولدى؟

مەن بۇ ئىشنى ئەسلى قىلمايتتىم، ئېرىم دېگەن شوۋىچى بىر نەرسە بار، ئىگىسىگە ئاپىرىپ بەر دەپ، بۇ نەرسىنىڭ نېمىلىكىنىمۇ پەقەت ئۇقمايمەن، ئەسلى غەرىزى مېنى تۇرمىگە سولىتىش ئىكەن-دە ئۇ ھېجىقىزنىڭ، ئۇكام مەن راستىنلا بۇنداق ئىشنى قىلمايتتىم، ماڭا ئۇۋال بولدى، مەن ئۇچۈن بۇلارغا ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ ئاقلاپ قويسىڭىزچۇ!...

ئابلىكىم ئۇنىڭ ھەممە گېپىنى تەرجىمە قىلىپ، ئاندىن ئۇنى ئاقلايدىغان گەپتىنمۇ بىر-ئىككى ئېغىز قوشۇپ قويدى. ساقچى مەسخىرىلىك كۈلۈپ قويۇپ ئابلىكىمگە:

ــ سەن ئۇنىڭ بۇ خىروئىننى قانداق ئېلىپ كەلگەنلىكىنى بىلەمسەن، قات-قات كۇسار كىيىپ، ئۆزىنىڭ بىر نېمىسىگە خىروئىننى تىقىپ ئېلىپ كەپتۇ...ئاپشاركىلىرىمىزنى سەل چاغلىغان گەپ، بۇ دېگەن بىز كۆزىتىۋاتقىلى ئۇزۇن بولغان جىنايەتچى، كەسپىي ئاقچى، بۇنىڭ گەپلىرىگە ئىشەنمە، ئىچ ئاغرىتىپمۇ ئولتۇرما... ھازىر گەپ، ئۇنىڭ ئۆز ئاغزىدىن جىنايەت ئۆۋىسىنى ۋە شېرىكلىرىنى ئىقرار قىلدۇرۇش، سەن بىزگە ئوبدان ماسلاشقىن.

ئابلىكىم داڭقېتىپ ئولتۇرۇپ قالدى، تېخىچە خىروئىن چەمبىرىكىدىن چىقالمايۋاتقان، ئاق ئالۋاستى بىلەن دائىم بىللە يۈرىدىغان يەنە بىر رەسۋا ئالۋاستىنى كۆرگەندەك بولۇپ، شۈركىنىپ كەتتى. گۆلقىز ساقچىنىڭ سورىغانلىرىغا تولۇق جاۋاب بەرمىدى، ھەپشەرەپ يىغلىدى، ساقچى جوزىنى مۇشتلاپ تۇرۇپ كالتىكىنى ئوينىتىپ ھەيۋە قىلغاندا تاققا-تۇققۇ جاۋاب بەردى. بىر سائەتكە يېقىن سوزۇلغان سوراق ئۇنىڭ روھىنى ئاخىر يىمىرىپ تاشلىدى، ھەممىنى ئىقرار قىلدى، ئاندىن كۆزلىرىدىن بۇ جاندىن تويغاندەك ئالامەت پەيدا بولدى، ئابلىكىمگىمۇ نەپرەت بىلەن نەچچە ئالايدى، ئابلىكىمگە ئەڭ ئېغىر كەلگىنى مۇشۇ بولدى، روھى سۇندى. ساقچىلار گۆلقىزنى ئىتتىرىپ بىر ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ كەتتى. ئابلىكىمنىڭمۇ ئىشى تۈگىدى، تەرجىمە ھەققىنى ئالدى. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ ساقچىلاردىن قىزىقىپ: "ئۇنى قانداق بىر تەرەپ قىلىسىلەر؟" ساقچى:"بۇنى سوت بىر تەرەپ قىلىدۇ، ئىشقىلىپ جىنايىتى ئېغىر، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىشى مۇمكىن" دېدى. ئابلىكىم تۇرۇپلا قالدى، خىيالىدا شۇنداق بىر مەنزىرە شەكىللەندى: گۆلقىز سوتتا ئۆز تەقدىرى ھەققىدە ھۆكۈم ئېلان قىلىنغاندا پۈتلىرى يۇمشاپ ئورنىدىن قوپالماي قالدى، ئايال ساقچىلار ئۇنى يۆلەشتۈرۈپ ماشىنىغا سېلىپ جازا مەيدانىغا ئېلىپ ماڭدى. گۆلقىز يولبويى يىغلاپ ئېقىپ كەتتى، خۇداغا مىڭلاپ تۆۋە قىلدى. ساقچىلار ئۇنىڭ كۆزىنى قارا لاتا بىلەن تېڭىپ، قوللىرىنى ئۇزۇۋەتكۈدەك چىڭ باغلاپ يەرگە يۈكۈندۈردى. ساقچىلاردىن بىرى ئۇنى ئاتتى، گۆلقىز بىرلا ئىڭراپ يەرگە يىقىلدى، ئۇ شۇ چاغدا

يا " ئاللاھ" دەپ ياكى "ۋاي ئانام" دەپ ئىڭرىغان بولۇشى مۇمكىن، بۇ پۈتۈنلەي ئۇنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى روھىي ھالىتىگە باغلىق.

ساقچىلار ئابلىكىمنى يەنە ماشىنىسىغا سېلىپ ئىدرىسىگە ئاپىرىپ قويدى. ئابلىكىم يولبويى گۈلقىز ھەققىدە يەنە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئويلىدى، ھەر خىل خىيالىي سۈرەتلەر بىر-بىرىگە ئارىلىشىپ، قالايمىقانلىشىپ كەتتى، ئەڭ ئاخىرىدا گۈلقىزنىڭ قارا كۆزلىرى زۇلمەت قاراڭغۇلۇقتا سىڭىپ كەتتى، ئۇنىڭ سۆنگەن ئەينەكتەك چىرايىمۇ خىرەلىشىپ يوقاپ كەتتى...

ــ ئابلىكىم ئىشخانىغا كىرىشىگە خىزمەتدىشى ھېلىلا تېخى ياپونىيىدىن تېلېفون كەلگەنلىكىنى، كەچ سائەت 8 دە تېلېفون ساقلىشى لازىملىقىنى ئېيتتى. ئابلىكىم دېگەن ۋاقىتتا ئىشخانىدا كۈتۈپ ئولتۇردى، تېلېفون جىرىڭلىدى، ئۇنىڭ يۈرەكلىرى جىغىلدىدى، تۇرۇپكىنى قولىغا ئالدى، خانقىزنىڭ ئىنچىكە ئاۋازى ئاڭلاندى:

ــ ۋەي ئابلىكىمۇسىز...

ــ ھەئە مەن شۇ، ياخشىمۇسىز خانقىز؟ خېلىتىن ئەپەندىم ۋە ئايالىمۇ ياخشى تۇرغاندۇ؟

ــ ھەئە، ھەممەيلەن ياخشى، قانداق ئۆزىڭىزچۇ؟

ــ مەنمۇ ياخشى كېتىپ بارىمەن، بولۇپمۇ سىز بىلەن تونۇشقاندىن بېرى شۇنداق ياخشى بولۇپ كەتتىم.

ــ شۇنداقمۇ، ئۇنداقتا ياخشى بوپتۇ، مەنمۇ سىز بىلەن تونۇشقىنىمغا خۇشالمەن.

ــ بېيجىڭغا قاچان كېلىدىغان بولدىڭىز؟

ــ ھە شۇنى دەپ قويايلى دېگەن، بىز ئۈچىمىز بارماقچى، كېلەر سەيشەنبە كۈنى ماڭماقچى بولدۇق. كەچ سائەت 9دا بېيجىڭغا چۈشىدىكەنمىز. مېھمانخانا، ياتاقلارنىمۇ ئالدىن بېكىتىپ قويدۇق.

ــ ئۇنداقتا مەن ئايرودورمدا ئالدىڭلارغا چىقاي.

ــ ياق، ئاۋارە بولماڭ، مېھمانخانىنىڭ مەخسۇس ئادەملىرى كېلىپ ئەكېتىدۇ. سىز تىيەن چياۋ مېھمانخانىسىغا بارسىڭىزلا بولىدۇ، گۈلزارمۇ شۇ يەرگە بارىدىغان بولدى.

ــ ھەممىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بوپسىلەر، بوپتۇ ئەمىسە، بېيجىڭدا ئۆزاقراق تۇرارسىلەر؟

ــ نەدىكىنى، ئارانلا ئۈچ كۈن دەڭا، خېلىتىيەن ئەپەندى بىلەن ئايالىنى بارماسلىققا كۆندۈرەلمىدىم، بولۇپمۇ ئاپاش سىزنى ئۆزەم كۆرىمەن دەپ تۇرۇۋالدى،- خانقىزنىڭ تاتلىق كۈلكىسى ئاڭلاندى،- ئىشقىلىپ ئاساسلىق مەقسەت سىز بىلەن كۆرۈشۈش. ئۇنىڭدىن قالسا ناخشا-مۇزىكىسى بار بىرەر ئۇيغۇر رېستورانىدا تاماق يېيىش. ئۇلار بۇنى بەك ياخشى كۆرىدۇ.

ــ ۋاقىتىڭلار بەك ئاز ئىكەن، شۇنداقتىمۇ بېيجىڭغا كەلگەن قەدىمىڭلارغا رازى بولۇپ قايتىشىڭلاردىن ئۈمىد چوڭ.

ــ بەك ئېنىق دەۋەتتىڭىزغۇ!

ــ سىز بىلەن پاراڭلىشىپلا كۆڭلۈمدە ئۈمىد تۇغۇلدى.

ــ شۇنداقمۇ، ئەجەپ ئاسان تۇغۇلىدىغان ئۈمىدكەنا ئۇ،- خانقىز يەنە تاتلىق كۈلدى، ئۇنىڭ ھەر بىر گېپى ۋە كۈلكىسىدىن تېگى-تېگىدىن بىر خىل قىزغىنلىق، سەممىيلىك،

يۇمۇرىستىك كەيپىيات چىقىپ تۇراتتى، بۇنداق سۆزلەش ئۇسلۇبى ئابلىكىمگە تەبىئىيلا ئازادىلىك بېغىشلايتتى.

ــ بۇنى مەنمۇ بىلمەيمەن، سىز بىلەن پاراڭلىشىپلا شۇنداق ئۇمىدۋار بولۇپ قالدىم، ـ دېدى ئابلىكىم يېنىك ئۇھ تارتىپ.

ــ بوپتۇ، شۇنداق بولۇڭ ، بىزنى ياخشىراق قارشى ئالارسىز.

ــ ئەلۋەتتە، سىلەر دېگەن پەۋقۇلئاددە مېھمان ئەمەسمۇ!

ــ لېكىن بىزنى دەپ خىزمەت ۋە باشقا مۇھىم ئىشلىرىڭىزغا دەخلى قىلىپ قويماڭ. بىز ياپونىيىدىكىدەك قاتتىق ئىشلىمەيمىز دەڭا، ۋاقتىمنى ئۆزەم ئورۇنلاشتۇرالايمەن.

ــ خانقىز يەنە كۈلدى:

ــ بوپتۇ ئەمىسە، بارغاندا كۆرۈشەيلى.

ــ ئەمىسە ئامان بولۇڭلار، كەلگەندە كۆرۈشەيلى، خۇداغائامانەت!

بۇ پاراڭ ئابلىكىمنى يەنە بىر دەملىك ھاياجانغا، قىزغىن ۋە شېرىن خىيالغا غەرق قىلدى. گەپنىڭ ھەممىسى جايىدا بولدى، كەتكۈزۈپ قويغان يېرى بولمىدى. لېكىن خانقىزنىڭ خىيالى قانداق، بۇنى بىلىپ بولمايدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئىنچىكە ھېسابلىشىپ كېتىشمۇ ئەخمەقلىق. ئەمما ئابلىكىم شائىرانە سەزگۈرلىكى ۋە زىيادە خىيالچانلىقى تۈپەيلىدىن ئىشنىڭ زىل تەرەپلىرىنى بەك ئويلاپ كېتەتتى، ھەمىشە مۇكەممەللىكنى قوغلىشىپ، ئۇنىڭغا ئازراق يېقىنلاشسا سۆيۈنۈپ، ئۇنىڭدىن ئەكسىچە بولۇپ قالسا جىلە بولۇپ ئازابلىنىپ كېتەتتى.

ئەتىسى گۈلزار ئۇنىڭغا تېلېفون ئۇرۇپ، بەزى قائىدىلەرنى ئۇگەتتى. ياپونلارنىڭ قائىدىسىدە تۇنجى كۆرۈشۈشتە تەقلىق ـ تۇرق، كىيىنىشكە بەك دىققەت قىلىدىكەن، ئۆز ئارا سوۋغا بېرىشىدىكەن. شۇ كۈندىن باشلاپ ئابلىكىم بۇنىڭغا جىددىي قارىدى. سودا سارىيىغا بېرىپ ئۆزىگە ئېسىل بىر كاستۇم بۇرۇلكا ئالدى. ئۆزىدە بار ئۇيغۇرچە ناخشا ـ مۇزىكا پىلاستىنكىلىرىنى ئۆلچەملىك قاپقا سېلىپ تەييارلىدى. گۈلزارنىڭ مەسلىھىتى بويىچە، خېڭتىيەن ئەپەندىگە ۋە ئايالىغا قىممەت باھالىق چېكولاتا ئالدى، خانقىزغا چىرايلىق بىر پوپايكا ئالدى، بۇ سوۋغاتلارنى سودا سارايلىرى تاقالغىچە مال كۆرۈپ، مىڭ تەستە خىللاپ ئالدى. ئۇ ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ، ياتىقىغا مېڭىپ قايتقىچە خىيال بىلەن بولۇپ كېتىپ، يولدا توختىتىپ قويۇلغان، چىرىغى ئۆچۈك بىر كونا مىنىبۇسنىڭ يان ئەينىكىگە سوقۇلۇپ سېلىپ ئۇنى يەرگە چۈشۈرىۋەتتى، داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان شېرىن خىيالىمۇ شۇنىڭ بىلەن تەڭ گۇمران بولدى، بۇ ئۇنىڭغا يامان بىر بېشارەتتەك تۇيۇلۇپ كەتتى، خانقىز بىلەن بولىدىغان ئىشلىرىم بەربىر ئاقمىغۇدەك دەپ ئويلىدى، ھارغىنلىق ھېس قىلدى، بۇ كۆڭۈلسىز، غەلىتە تۇيغۇلىرىغا ئۆزىمۇ ئەجەپلەندى (كېيىن ئىشلىرى ھەقىقەتەن ئوڭغا تارتمىغاندا ئۇ مۇشۇ ۋاقىتتىكى بېشارەتلىك تۇيغۇلىرىنى ئۇنتۇيالمايدىغان بولۇپ قالدى ۋە ئادەمدە ھەقىقەتەن ئالتىنچى خىل سەزگۈ بولىدىغانلىقىغا ئىشەندى). ئۇ يەنە ئازراق ماڭسىلا ياتىقىغا باراتتى. ئۇ ھېچ كىشى كۆرمەستە بۇ نەس باسقان يەردىن چاپسان كېتىش ئۈچۈن ماڭغاندا بىرسى خۇددى ماراپ تۇرغاندەكلا ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى:

— توختا، نەگە ماڭىسەن، بۇ چىراقنى تۆلەپ ماڭ.

— قاراڭغۇدا كۆرمەپتىمەن...

— چىراقنى چېقىۋېتىپلا جايىڭدا توختاپ مۇشۇ گەپنى دېگەن بولساڭ بوپتۇ دەيتتىم، قېچىشقا تەمشەلگىنىڭ ئۈچۈن ھەسسىلەپ پۇل تۆلەيسەن. سەن نامەرت، قورقۇنچاق، يالغانچى نېمىكەنسەن...

— مېنىڭ جىددىي بىر ئىشىم بار ئىدى...

— نېمىشقا قاراپ ماڭمايسەن، بۇنى سۇندۇرۇۋېتىپ نېمىشقا ئىگىسىنى چاقىرمايسەن؟ـ گېپىدىنلا بېيجىڭلىقلىقى چىقىپ تۇرىدىغان بۇ چوپەي شوپۇر گويا ئويۇن ئويناۋاتقاندەك قىلاتتى.

— سەنمۇ نېمىشقا ماشىناڭنىڭ چىرىقىنى ياندۇرۇپ قويمايسەن، بۇمۇ قائىدىگە خىلاپ. مەندىن پۇل ئالمەن دېسەڭ قاتناش ساقچىسىنى چاقىرىپ كەل.ـ دېدى ئابلىكىممۇ روھلىنىپ، ئۇ شوپۇرنىڭ سەل مەست ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالدى.

— ماشىنىنىڭ چىرىقى بۇزۇق، ھەممە نېمىسى بۇزۇق، ماڭ يوقال گۈي، ئىككىنچى ئۇنداق نامەرتلىك قىلما!

ئابلىكىم يەڭگىل نەپەس ئېلىپ يولىنى داۋاملاشتۇردى، شوپۇرنىڭ گېپىگە تۇرۇپ كۈلگىسى كەلدى، تۇرۇپ ئويلىنىپ قالدى.

ئىككى سائەت كېچىكىپ كېلىدىغان ئايروپىلانى كۈتۈش گۈلزارغا ئۆزىنىڭ نۇرغۇن ۋاقتىنى ئېلىپ كەتكەندەك بىلىنگەن چېغى، سائىتىگە پات-پات قاراپ قوياتتى. ئابلىكىممۇ تاقەتسىزلىنىشكە باشلىدى، ھېلىدىن ھېلى ھەر خىل خىياللارغا چۆمەتتى. ئىككىسى پاراڭلاشمايتتى. ئابلىكىم تۇرۇپلا، گۈلزار نېمىشقا بىر كىم بىلەن مۇھەببەتلەشمەيدىغاندۇ، مەن نېمىشقا ئۇنىڭ بىلەن مۇھەببەتلىشەلمەيدىغاندىمەن دەپ ئويلاپ قالدى. گۈلزارنىڭ ئويچان، ئەستايىدىل ھالىتى گويا ئىلمىگە بارغانچە چوڭقۇر كىرىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ چىرايىغا قارىغان ھامان ئابلىكىم ئۆزىنى ئويۇنچىدەك ھېس قىلاتتى.

ئىككى يېرىم سائەتتىن كېيىن بىرمۇنچە ياپونىيىلىكلەر قوللىرىدا سومكا كۆتۈرۈپ مېھمانخانا سالونىغا بىر-بىرلەپ كىرىپ كېلىشتى، ھەممىسى ھارغىن چىراي بولسىمۇ لېكىن قىزغىنلىقى، ئېتىكلىكى، تەرتىپلىكى،سىلىق-سىپايىلىقى يوقالمىغانىدى. گۈلزار توساتتىن "ھەي" دەپ قولىنى كۆتۈردى ۋە كىچىك بويى كۆرۈنمەي قالىدىغاندەك يېنىك سەكرەپ، ئالدىغا بىر نەچچە چامداپ بېرىپ بويى ئۆزىدىنمۇ كىچىك، قىرقىما چاچ بىر قىزنى قۇچاقلىۋالدى، بۇ قىزغىن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈشتىن ئابلىكىم تەسىرلەندى ۋە دەرھال ئۆزىنى رۇسلاپ تەق بولدى. گۈلزار خانقىزدىن دەرھال ئاجراپ خېڭتىيەن ئەپەندى ۋە ئايالى بىلەن سالاملىشىۋاتقاندا خانقىز ئابلىكىمگە سۈس بىر كۈلۈمسىرەپ مۇنداقلا قاراپ قويدى، ئابلىكىممۇ ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشىپ، بىرلا ۋاقىتتا ئۈچەيلەن بىلەن سالاملىشىپ ئۈلگۈردى. خېڭتىيەن ئەپەندى بىلەن خانىمىغا سالام بېرىۋاتقاندا بۇ سالىمى قاچانلاردۇر بىر ۋاقىتتا كىنولاردا كۆرگەن

ياپونلۇقلارنىڭ "هايت" دەپ بېشىنى ئېگىپ سالام بېرىشلىرىغا ئوخشاپ كەتتى.

— ئۇلار خېڭتىيەن ئەپەندى ئالدىن ئۇقۇشۇپ قويغان ياتاققا كىردى، بىر دەم قىزغىن ئەهۋاللاشتى. خېڭتىيەن ئەپەندى بىلەن ئايالى ئابلىكىمگە پات-پات قارايتتى، ئابلىكىم قورۇنغاندەك بولاتتىيۇ ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇشقا، گەپنى تەبىئىي، يېقىملىق قىلىشقا تىرىشاتتى. ئۇنىڭ گەپلىرىنى خانقىز ئۇدۇللۇق تەرجىمە قىلىپ تۇراتتى، خېڭتىيەن ئەپەندى بىلەن خانىمىمۇ مەمنۇنىيەت بىلەن كۈلۈمسىرەپ بىر نەرسىلەرنى دەيتتى، ئۇنىمۇ خانقىز ئابلىكىمگە ئەينەن يەتكۈزەتتى. خېڭتىيەن ئەپەندى ئابلىكىمگە بىر دانە ئالىي قەلەم ئالغاچ كەلگەن بولۇپ، ئۆز قولى بىلەن ئابلىكىمگە تۇتتى. خانقىز:

— خېڭتىيەن ئەپەندى سىزنى تېخىمۇ ياخشى ئەسەر يازسۇن دەپ بۇ قەلەمنى ئاتايتەن ئالغاچ كەلدى، -دېۋىدى، ئابلىكىم شۇئان هاياجانلىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى:

— خېڭتىيەن ئەپەندىنىڭ هىممىتىگە رەهمەت، پېقىر ئۈمىدلىرىنى هەرگىز يەردە قويمايدۇ.

گۈلزار بىلەن خانقىز بىر-بىرىگە تەڭلا قارىشىپ كۈلۈشۈپ كەتتى، ئابلىكىمنىڭ بۇ هالىتى بەئەينى ياپون ئەمەلدارىنىڭ ئالدىدا قەسەم بېرىۋاتقان ئاددىي بىر خىزمەتچىگە ئوخشايتتى.

خانقىز ئابلىكىمگە ئالىي دەرىجىلىك، كۆلرەڭلىك بىر جۈپ خۇرۇم پەلەي ئالغاچ كەلگەن بولۇپ، ئابلىكىم بۇنىڭدىكى سىمۋوللۇق مەنىنى دەررۇ ئويلاپ سۆيۈنۈپ كەتتى، ئەمما كۆلرەڭ ئۇ ئەڭ ياقتۇرمايدىغان رەڭ ئىدى، ئاق بىلەن قارىنىڭ ئارىلاشمىسىدىن شەكىللەنگەن، قۇياش مۆككەن تۇمانلىق ئاسماننى ئەسلىتىدىغان بۇنداق رەڭ ئۇنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلاتتى.

ئابلىكىممۇ سوۋغاتلىرىنى چىقاردى، خېڭتىيەن ئەپەندى بىلەن خانىمى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى، خانقىز پوپايكىنى كىيىپ ئەينەككە بىر قاراپ چىقتى، پوپايكا هەقىقەتەن ياراشقانىدى، ئۆزىمۇ بۇنىڭدىن مەمنۇن، خۇشال كۆرۈنەتتى، ئابلىكىم يېنىكلەپ قالدى.

ئەتىسى ئەتىگەندىلا ئابلىكىم مېھمانخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ خانقىزنى ساقلىدى، خانقىز هايال ئۆتمەيلا تېتىك ۋە روهلۇق قىياپەتتە كۈلۈمسىرەپ چىقىپ كەلدى. ئىككەيلەن يولدا پاراڭلىشىپ ماڭدى، خانقىز ئۆزىنىڭ كەسپىگە دائىر بىر قانچە كىتاپ ئالماقچى بولغانىدى، ئابلىكىم ئۇنى ئەڭ چوڭ كىتاب بازىرىغا باشلاپ ماڭدى. ئابلىكىم تاكسىغا چۈشەيلى دېگەنىدى، خانقىز ئاپتوبۇستا بارايلى دېدى. قىزدا هېچقانداق ياسالمىلىق، چوڭچىلىق كۆرۈنمەيتتى، كىچىك پېئىل، تۆۋەنچىلىك بىلەن گەپ قىلاتتى، ئارىلاپ-ئارىلاپ يۇمۇرلۇق گەپلەرنى قىلىپ كۈلەتتى، ئابلىكىمگە ئازادىلىك بېغىشلايتتى، شۇنىڭ بىلەن ئابلىكىممۇ ئېچىلىپ پاراڭ قىلىشقا باشلىدى. ئىككىسى ئۆپچۆرىسىدىكى مۇھىتنى ئۇنتۇپلا كېتىشتى، بارىدىغان يەرگە بىر دەمدىلا كېلىپ قېلىشتى. ئۇلار كەلگەندە كىتابخانىنى تېخى ئاچمىغانىدى، يەنە بىر دەم پاراڭلىشىپ تۇرۇپ قېلىشتى:

— بىزنىڭ خەق باشقا يېزىقتىكى كىتابلارنى ئانچە ئوقۇمايدۇ، ئۆز تىلىدىكى نەرسىلەرنىلا ئوقۇيدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى چەكلەپ قويىدۇ، -دېدى ئابلىكىم.

كىتاب ئوقۇمىسا نادان دەيسىز، ئوقۇسا ئاران ئۆز يېزىقىدىكى نەرسىلەرنىلا ئوقۇيدۇ

دەيسىز، ئۆز يېزىقىدىكى كىتابنى ئوقۇسىمۇ چوڭ ئىش.... دېدى خانقىز كەسكىن تەرزدە. ئابلىكىم بۇ قىزنىڭ ئۆزگىچە پىكىر قىلىش ئۇسۇلىغا دىققەت قىلدى، يەنىلا مەندىن كۆپ ئوقۇغان، شۇڭا پىكىر قىلىشىمۇ باشقىچە... دەپ ئويلىدى، ئۆزىنى بۇ قىز بىلەن تەڭلىشەلمەيدىغاندەك، ئىچى قۇرۇقتەك ھېس قىلىپ كۆڭۈلسىزلەندى.

خانقىز بىر قانچە كىتاب ئالدى، ئاندىن ئۇلار بازار ئارىلىدى، قەھۋەخانىغا كىرىپ قەھۋە ئىچىشتى، ئۇيەردىن بۇ يەردىن پاراڭ سېلىشىپ رەسمىي گەپنى قىلىشمىدى، قەھۋەخانىدىن چىقىپ گۈلزارنىڭ يېنىغا باردى. خانقىز گۈلزارغا:

— بۇ ئابلىكىم بەك قىززىق بالىكەن، يەر ئاستى بازارنى كۆرسىتىمەن دەپ بىر يەرنى كەچكىچە ئايلاندۇرىۋەردى....دەپ گەپ باشلىدى. ئابلىكىمنىڭ سەممىيلىك بىلەن يول باشلاپ ئېزىپ قېلىشلىرىنىڭ ئۇ قىزغا كۈلكە بولۇپ بەرگەنلىكى ئابلىكىمنى يەنە كۆڭۈلسىزلەندۈردى، ئەمما چاندۇرمىدى، قىزلارغا ئەگىشىپ كۈلدى، ئۆزىنى مازاق قىلىشىمۇ بەربىر روھىي ئۈستۈنلۈكنىڭ ئىپادىسى ئىدى. خانقىز مېھمانخانىغا تېلېفون ئۈرغىلى كەتكەندە گۈلزار :

— ھە قانداق بولدى؟ نېمە دېيىشتىڭلار؟.دەپ سورىدى.

— تېخى رەسمىي پاراڭلاشمىدۇق،.دېدى ئابلىكىم خانقىز كەتكەن تەرەپكە قاراپ قويۇپ ،. ئەمدىراق دېيىشسەكمۇ بولار...

— ۋاقتىنى چىڭ تۇت، بۇلارنىڭ ئاران ئۈچ كۈنلۈكلا ۋاقتى بار، بۇگۈن دېمەي قاچان دەيسەن. خانقىزقا قاراپ تۇرساڭ ئۇ دېگەن قىز بالا، سەن ئېغىز ئاچمىغۇچە بىر نەرسە دېمەيدۇ.

— بۇنى بىلىمەن، ئەلۋەتتە مەن باشتا گەپ قىلىمەن، خەتتىمۇ يازغان، ئەمدى ئۆز ئاغزىم بىلەن دەيمەن.

— ئىشقىلىپ ساڭا قارىتا ئىنكاسى خېلى بولىدىغاندەك قىلىدۇ، ئۆزەڭگە ئىشەنگىن.

— مېنى بىلىسەنغۇ، ھەر قانداق قىز مېنى رەت قىلىۋەتسىمۇ يەنە ئۆزەمگە ئىشىنىمەن.

— بىر نەرسە دەپ بولمايدۇ، شائىر دېگەن ئىچى كۈچلۈك كېلىدۇ، ئۆزىنى بەك چوڭ كۆرىدۇ، غۇرۇرى كىچىككىنە زەربە يېسە كۆتۈرەلمەيدۇ، ئازابلىنىپ تۇگىشىپ كېتىدۇ. قارىغاندا سەن ھەقىقىي شائىر ئەمەس ئوخشايسەن....دېدى گۈلزار كۈلۈپ.

— شائىر دېگەن ساراڭ دەيتتىڭغۇ، مەن قاچان ساراڭ بولمىغۇچە تېخى ھەقىقىي شائىر ئەمەس. ھازىر ئەقلىم مېنى بېسىۋالدى، جۈرئىتىم ماكچايدى، ئازراق ئىچىۋېلىپ كاللامنى قاپاق قىلمىسام گەپ قىلالمايدىغان ئوخشايمەن.

— نېمە قىلساڭ قىلىپ زادى بىر گەپ قىل، ھەر قانداق قىز جۈرئەتلىك ئوغۇلنى ياخشى كۆرىدۇ. خەت يېزىشقا جۈرئەت قىلغان ئادەم نېمىشقا گەپ قىلالمايسەن؟

— ئۇ دېگەن باشقا، بۇ دېگەن باشقا، يولۋاسنى سىزىۋەرگەن بىلەن ھەقىقىي يولۋاسنى كۆرگەندە قورقۇپ قالىدىغان گەپكەن....دېدى ئابلىكىم ئۆزىنى مازاق قىلغاندەك كۈلۈپ، گۈلزارمۇ بۇ كۈلكىگە قوشۇلۇپ كەتتى:

— قارا، قارا ما خىيالپەرەسنى! قورققۇدەك نېمە بار؟! گەپ قىلىۋەرسەڭلا بولمىدىمۇ!

— سېنىڭچە مەن بۇ قىزغا ماس كېلەرمەنمۇ؟

— سېنى خانقىزغا ماس كېلىدۇ دېمىسەم، نېمە قىلىمەن ئۇنىڭغا سېنى تونۇشتۇرۇپ؟

— سەن ئۆزەڭگە بەك ئىشىنىپ كەتكەن ئوخشايسەن، قارىماققا ماس كەلگەندەك قىلغان بىلەن ھەر ئادەمنىڭ ئويلىغىنى باشقا-دە!

— سەن بىر نەرسىنى بەك ئىنچىكە ئويلاپ تۇرۇۋالسەن ئابلىكىم، بۇ سېنىڭ شائىرلىق مىجەزىڭ ھەم كەمچىلىكىڭ. شۇڭا سەندە قىزىقشلا بار، ھەرىكەت يوق، ئىككىلىنىشلا بار، كەسكىنلىك يوق. مۇلايىملىق بار، قوپاللىق يوق.

— ۋاھ ئەجەپ پەيزى تەھلىل قىلىۋەتتىڭغۇ! نەدىن يادلىۋالدىڭ بۇنى؟!

— ۋىيىي، بۇنچىلىك گەپنىمۇ قىلالمىساق ئەمدى...

قارىغاندا مېنى بەك چۈشىنىدىغان ئوخشايسەن، ئىچىمدە ئويلاپ قويغان دېگىنە!

— ئاڭغىچە خانقىز يېنىپ كەلدى.

— سىلەر تاماق يېگەچ پاراڭلىشىڭلار، گېپىڭلارنى دېيىشىڭلار!-دېدى گۈلزار - مەن ياتىقىمدا سىلەرنى ساقلاي.

— بىللە يەيلى، بىللە پاراڭلىشىپ ئولتۇرمامدۇق!-دېدى خانقىز ئانىسىغا ئەگەشكەن بالىدەك تارتىنىپ، بۇ ھال ئابلىكىمگە ئاسترىتتىن مەدەت بەردى.

مەن تېخى بايىلا تاماق يەۋالغان، سىلەر يەۋېرىڭلار، خەۋىرىڭلارنى كۈتىمەن!

گۈلزار يەنە قايتا گەپ قىلىشقا ئورۇن قالمىغىدەك قەتئىيلىك بىلەن ئىككەيلەندىن خوشلىشىپ مەكتىپىگە كىرىپ كەتتى.

ئىككەيلەن مەكتەپ يېنىدىكى بىر ئۇيغۇر ئاشخانىسىغا كىرىپ تاماق بۇيرۇتۇپ قويۇپ بىر-بىرىگە قارىشىپ ئولتۇردى.

— ئابلىكىم ئۆزىنى بىر ئاز ئوڭشىۋېلىپ، غەيرەتكە كېلىپ گەپ باشلىدى:

— خانقىز، ئەمدى ئەسلى گېپىمىزگە كېلەيلى، مېنىڭ كېيىنكى خېتىمگە جاۋاب خەت يازمىدىڭىز، بەلكىم ئۆزەم بارغاندا جاۋاب بېرەي دەپ ئويلىغانسىز، ئەمدى شۇ ھەقتە بىر پاراڭلىشىپ باقساق...

— خېتىڭىزنى نەچچە قېتىم ئوقۇدۇم. كاللامغا جىق خىياللار كەلدى. بۇنى ھازىر بىر-بىرلەپ دېيەلمەيمەن. سىز چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇشنى خالامسىز؟

— ئەلۋەتتە خالايمەن، لېكىن مەن بىرەرسىنى ماقۇل كەلتۈرۈش ئارقىلىق چەت ئەلگە چىقىپ تەييارغا ھەييار بولۇشنى خالىمايمەن. ئۆزەم جاپالىق ئىشلەپ پۇل تېپىپ ياكى بىرەر ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ ئاندىن بارسام دەيمەن.

— چەت ئەلگە چىقىشىڭىز ھەممىنى يېڭىدىن باشلىمىسىڭىز بولمايدۇ. مەن ياپونىيىدە بەش يىل تۇرۇپ بۇرۇنقىدىن جىق ئۆزگەردىم. بەلكىم ئۇ يەردە ئالغان بىلىمىم ۋە تەسىراتىم مېنى ھەر قانداق ئىشقا ئەستايىدىل، ئىنچىكە مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگەتكەن بولسا كېرەك، بۇ ئىشتىمۇ شۇنداق قىلدىم. سىزنى كۆرمەي تۇرۇپلا جاۋاب بېرەلمەيدىغانلىقىمنى بىلەتتىم. بۇنى خېتىڭىزدە ئەپەندىمۇ ئېيتتىم. ئۇلارنىڭ ئاخشامقى ئەھۋالىدىن قارىغاندا سىزگە

بولغان تەسىراتى خېلى ياخشى، مېنىڭمۇ شۇنداق. لېكىن سىزمۇ بىلىسىز، ئادەم دېگەننى بىر قانچە پارچە خەت ياكى بىر نەچچە يۈز كۆرۈشۈش بىلەنلا تولۇق چۈشىنىپ كەتكىلى بولمايدۇ. لېكىن بىزگە بۇنداق داۋاملىق ئارىلىشىش پۇرسىتى يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تولۇق چۈشەنمىسەم بولمايتتى دەپ بىر كىمنىڭ كۆزىگە كىرىۋالغىلىمۇ بولمايدۇ. بەزىدە بىر ئادەمنى بىر قاراپلا بىلگىلى بولىدۇ، بەزىدە بىر ئادەم بىلەن نەچچە يىل بىللە ياشىسىمۇ ئۇنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ. سىزنىڭ خېتىڭىزنى كۆرۈپ، ھازىر مانا كۆرۈشۈپ، خەت بىلەن ئەمەلىيەت ئارىسىدا ئانچە پەرق يوقلۇقىنى ھېس قىلىۋاتىمەن. بىلمىدىم، سىزنىڭ ماڭا بولغان قارىشىڭىز قانداقكىن؟!

— خېتىڭىزدە ئۆزىڭىزنى تولۇق ئىپادىلىمىگەندەك قىلىسىز، ئەمەلىيەتتە سىز خەتتە يازغىنىڭىزدىنمۇ ئىلغار، ئۆتكۈر، سەۋىيىلىك قىز ئىكەنسىز.- دېدى ئابلىكىم سەمىمىي ھالدا، ئۇ بۇنداق پاراڭلاردا زوق-شوخ بىلەن تەپەككۇر قىلاتتى، گەپنى دەل جايىغا كەلتۈرۈپ قىلىشقا تىرىشاتتى.

— مېنىڭ يېزىقتا ئىپادىلەش قابىلىيىتىم سىزنىڭكىدەك يۇقىرى ئەمەس، ئانا تىلىمنى ئۇنتۇپ قالماسلىق ئۈچۈن ئاشۇنداق خەتلەرنى پات-پات يېزىپ، سەۋىيەمنى ئاشۇرۇپ تۇرسام دەيمەن، لېكىن ئالدىراشلىقتا خەتمۇ يېزىپ بولالمايمەن، شۇڭا سىزنىڭ بىر نەچچە خېتىڭىزگە ۋاقتىدا جاۋاب خەت يازالمىدىم، كەچۈرىسىز.

— ھە ياقەي، بېيجىڭدا بىزدەك بىكار ئادەم يوق. لېكىن سىز دېگەن ئالدىراش-دە، قىممەتلىك ۋاقتىڭىزنى چىقىرىپ ھېلىمۇ خەت يېزىپ تۇردىڭىز. سىزدىن خەت كەلسە يەنە بىر پارچە خېتىڭىز كېلىپ بولغىچە خۇشال يۈرۈيمەن. لېكىن ئاخىرىدا جاۋاب خېتىڭىز ئۈزۈلۈپ قالدى...

— خانقىز كۈلۈپ سورىدى:

— بىر ئاز پىۋا ئىچىپ قويامسىز؟

— ئىچەي، سىزمۇ ئىچىدىغاندەك قىلىسىز.

— ياپونىيىدە پىۋا ئىچىش بىلەن كارا ئوكى ئېيتىش مودا، توكيودا بىر تۈرك رېستورانى بار، ئاپاشلار بىلەن بەزىدە بېرىپ قالغاندا ئىچىپ قوياتتىم.

— ھە، ئۇنداق بولسا بىللە ئىچەيلى، مۇنداقمۇ پەيزىم بار دەڭ!

— ئابلىكىم شادلىنىپ، ئېچىلىپ كەتتى، ئىككى رومكىغا لىق تولدۇرۇپ پىۋا قۇيدى:

— قېنى خوشە، سالامەتلىكىمىز ئۈچۈن!-دېدى ئابلىكىم رومكىنى قولىغا ئېلىپ، ئاندىن تىن ئالماي ئىچىشكە باشلىدى، كۆڭلىدە بولسا ئەمدى بەختىمىز ئۈچۈن ئىچسەك قانداق پەيزى-ھە! دەپ ئويلىدى. خانقىز رومكىنى قولىغا ئېلىپ تارتىنمايلا ئازراق ئىچىپ يېرىمىنى قويۇپ قويدى.

— مەن تېخىچە ئوقۇۋاتىمەن، دوكتورلۇقنى تۈگەتكىچە يەنە ئۈچ-تۆت يىل ئوقۇيمەن. شۇڭا مەن ئۆزەم ئويلىغان بەزى ئىشلارنى سىزگە دېيىشىم كېرەك. سىز بەزى ئەمەلىي مەسىلىلەرنىمۇ ئويلىنىپ باقتىڭىزمۇ؟- دېدى خانقىز ئالدىدىكى گۆش قورۇمىسىنى يېگەچ.

— مەن خەت يازغاندا ھەممىنى ئويلىغان،-دېدى ئابلىكىم خاتىرجەملىك بىلەن،- ئەگەر مېنى ئۆزىڭىزگە راۋا كۆرسىڭىز سىز مەيلى قانچىلىك ئوقۇڭ، سىزنى ھەر ۋاقىت قوللايمەن. چۈنكى بۇ كەسىپتە ھازىر سىزدىن باشقا دوكتورلۇقتا ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇرلىرىمىز يوق، سىزدىن پەخىرلىنىمەن، سىزدەك بىر قىزغا ئېرىشەلىشىم مېنىڭ ئۆمۈرلۈك بەختىم...- ئابلىكىم ئۆزىگە پېۋنىڭ دەرھال تەسىر قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى، ئەمما بۇ گەپلەرنى ھەقىقەتەن ئىچىدىن چىقىرىپ دەۋاتقانلىقى ئۆزىگە ئايان ئىدى.

— مېنىڭچە سىزمۇ ئوقۇشىڭىز كېرەك، كەسىپتە تەرەققىي قىلىمەن دېسىڭىز چوقۇم ئوقۇڭ. ئەدەبىيات كەسپىگە ياپونىيە ماس كەلمەيدۇ، فرانسىيىدە ئوقۇسىڭىز ياخشى. مېنىڭ بىر فرانسىيىلىك ساۋاقدىشىم بار. ئەگەر ئوقۇشنى خالىسىڭىز مەن سىز ئۈچۈن يول مېڭىپ باقاي.

— مېنىڭمۇ ئەلۋەتتە ئوقۇغۇم بار، بىراق شارائىت چەكلەپ قويىۋاتىدۇ.

— شارائىتنى بىر ئامال قىلىپ ياراتقىلى بولىدۇ، تىرىشىپ يول تېپىش كېرەك.

— دېگىنىڭىز توغرا، مەنمۇ شۇ مەقسەتنىراق كۆزلەپ بېيجىڭدا ئىشلەپ قالغان.

— سىزنى چوقۇم ئوقۇڭ دېگىنىم ئۆزەمنى سىزدىن چوڭ كۆرگىنىم، مەن بىلەن تەڭلەش دېگەنلىكىم ئەمەس...

— ۋاي ياقەي، ھەرگىز ئۇنداق ئويلىمايمەن، خېتىڭىزدىن بولسۇن ياكى بۇ قېتىمقى كۆرۈشۈشتە بولسۇن سىز ھەر ۋاقىت مۇشۇنداق سەمىمىي، كىچىك پېئىل، كەمتەر ...

— مېنى بەك ماختاپ كەتمەڭ، نېمىشقىكىن، مېنى مۇشۇنداق ماختىغان ئادەم مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن مېنى دەل مۇشۇنىڭ ئەكسىچە ئارقامدىن تىللامدىكىن دەپ ئويلايمەن.

— نېمانداق قىززىق ئويلايسىز، ھەممە ئادەم ئۇنداق ئىككى يۈزلىمچى بولۇپ كەتمەيدۇ، تىللاپ تۇرۇپ ياخشى كۆرىدىغانلارمۇ بار.

— لېكىن مەن بەك ئېھتىياتچان بولسام كېرەك، بەك يېقىن ئادەملىرىمدىن باشقىلارغا ئالدىراپ ئىشىنىپ كەتمەيمەن. بىر ئىشنى ئويلاپ مۇكەممەل قىلىشقا تىرىشسام، ئۇ ئىشتىن ئازراقلا خاتالىق چىقسا نېرۋام چېچىلىپ خۇدۇمنى يوقىتىپ قويىمەن. بىر بولسا ئۇ ئىشنى ئاخىرىغا ئېلىپ چىقىشقا ئۇرۇنۇپ باقىمەن، بىر بولسا تاشلىۋېتىپلا بولدى قىلىمەن. بۇ كەمچىلىكىمنىمۇ سىزگە دەپ قوياي، مەن بەك مۇكەممەلچى.

— بۇنى پۈتۈنلەي كەمچىلىك دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ، ھەممە ئادەم مۇكەممەللىككە ئىنتىلىدۇ، لېكىن بۇ ئىشتا سوغۇققان، سەۋرچان بولۇش كېرەك دەپ قارايمەن، تولا ئارمان قىلىپ، ئۇنىڭغا يېتەلمىگەنچە جىلە بولۇپ ئازابلىنىپ كېتىش پەقەت شۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنى خورىتىدۇ. جاھاندا نەدىمۇ مۇكەممەل ئادەم، مۇكەممەل ئىش بولسۇن، ھەممە ئىش كەمتۈك، ھەممە ئادەم مېيىپ، ھەممە نەرسە چېكىت چاقىدۇ دەپ ئويلىسىڭىز راھەتلىنىپ قالىسىز.

— لېكىن مەن بىر ئىشتا ئاسان بولدى قىلىدىغانلاردىن ئەمەس، كەمتۈك ئىشنى تولۇقلاپ قىلىشقا، مېيىپلىقنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ساقايتىشقا تىرىشىش كېرەك. ياپونلارنىڭ خۇسۇسىيىتى مىجەزىمگە سىڭىپ قالغاندەك قىلىدۇ، بۇنى ئاسان ئۆزگەرتەلمەيمەن. باشقىلارغىمۇ مەن شۇ ئۆلچەمنى قويىمەن، شۇنداق بولغاندا ئاندىن شۇ ئادەممۇ، جەمئىيەتمۇ

تەرەققى قىلالايدۇ.

دېگىنىڭىز توغرا، لېكىن مېنىڭ دېگىنىم، كەمچىلىككە يول قويۇش ئەمەس، ئۇنىڭغا توغرا مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسى...

ــ ئىككەيلەن مۇشۇنداق بىر تالاي مەسىلىلەردە بىر هازا پىكىرلەشتى، تالاش-تارتىش قىلغانمۇ بولدى، ئابلىكىم هەر قېتىمدا يول قويدى. خانقىز گەپ بىلەن ئىچىپ ئولتۇرۇپ ئۈچ رومكا پېۋىنى تۈگەتتى، يۈزلىرى قىزاردى، كۆزلىرى خۇمارلاشتى، ئابلىكىم بۇ پۇرسەتتە ھەقىقىي مەقسەتكە مۇناسىۋەتسىز گەپلەرنى توختىتىپ، كۆڭلىنى يەنە ئېپادىلىدى، ۋەدىلەرنى بەردى، ئەڭ ياخشى روھىي ھالىتىنى ساقلىدى، ئەڭ سەمىمىي، شېرىن گەپلىرىنى دېدى. خانقىز ئېنىق بىر گەپ قىلمىسىمۇ قوشۇلغانلىق بېشارىتىنى بەردى، ئابلىكىم بۇنىڭغا تازا ئىشىنىپ كېتەلمەي ئاپانچىلىق، ھاياجانلىق بىر تۇستە قايتا سورىدى:

ــ خانقىز، سىز ھەقىقەتەن قوشۇلدىڭىزمۇ؟

ــ ھەئە- دېدى خانقىز يېقىملىق ئاۋازدا، لېكىن ئابلىكىمنىڭ كۆزىگە ئۇدۇل قارىمىدى، شۇنىڭدىن ئارتۇق گەپمۇ قىلمىدى. ئەمما ئابلىكىمنىڭ يۈرىكى شۇئانلىق شادلىق ئىچىدە شىددەتلىك سوقۇپ كەتتى، قولىغا رومىنى ئالدى، بايا كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەن شۇ گەپنى تەكرارلىدى:

ئەمىسە خوشە دەپ بىر كۆتۈرەيلى، كېلىچەك بەختىمىز ئۈچۈن ئىچەيلى!

خانقىزمۇ قولىغا پېۋىنى ئالدى، ئابلىكىم بىلەن تەڭ سوقاشتۇرۇپ ئىچتى. ئابلىكىم قولىدىكى پېۋىنى گويا دۇنيادىكى بارلىق شېرىن بەختنىڭ ھەممىسىنى سۇمۇرۇۋاتقاندەك ھاياجان ئىچىدە ئىچىپ تۈگەتتى، لېۋىنى يالاپ قويدى، ھاراقنىڭ كەيپىدىن ئەمەس، شۇ "ھەئە" دېگەن جاۋابتىنلا پۈتۈن دۇنيا ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئۆزگىرىپ، باشقىچە گۈزەل، سۆيۈملۈك بولۇپ كەتتى. ئاشخانىدىن چىققاندا بۇ كوچىدىكى ئوقەتچى ئۇيغۇرلار، ئاقچى-يانچۇقچىلار ئابلىكىمگە تېخىمۇ ئەبگا، بىچارە كۆرۈندى، ئۇلار بۇنداق بەختتىن مەھرۇم ئىدى، مۇھەببەت دېگەن نەرسە نېرى تۇرسۇن، ئەقەللىيىسى پاك ئەر-خوتۇنلۇق تۇرمۇشتىن، ئائىلە لەززىتىدىن يىراق ئىدى، ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋەتلىرى قالايمىقانىدى، كىم كۆپ پۇل تاپسا شۇ جىق خوتۇن تاپاتتى، كونا خوتۇنىدىن زېرىكسە ئالىي مەكتەپتىكى شۆھرەتپەرەس، راھەتپەرەس ئۇيغۇر قىزلىرىنى ئىندەككە كەلتۈرۈپ نەپسىنى قاندۇراتتى. بىر خوتۇننى ياكى بۇزۇلغان بىر قىزنى دەپ ئۆز ئارا ئۆچمەنلىشەتتى، بىر-بىرىگە پىچاق تىقىشىپ ئۆلتۈرۈشەتتى... شەھۋەت نەپسىنى دەپ قىسقا ۋاقىتتا كۆپ پۇل تېپىشنىڭ كويىغا كىرىپ ئاق سېتىپ تۇتۇلۇپ تۈرمىدە ساقچىلارنىڭ كالتەك-توقماقلىرىنى يەيتتى، ئەرلىك ئەزايى ناكا قىلىناتتى، بۆرىكى تېشىغا چىقىپ قالاتتى، شۇ يەردە ئۆلمىگەن تەقدىردىمۇ ئۆلۈشنى ئارمان قىلغۇدەك دەرىجىدە قىينىلاتتى... تۈرمىگە كىرىپ قالغان خوتۇن-قىزلار ئۇنىڭدىن بەتتەر ئېچىنىشلىق كۈنگە قالاتتى، ئاخىرى ھەممىسى بۇلغانغان، چىرىگەن ئەخلەتلەر بولۇپ، مىللەتنىڭ گەندىسى سۇپىتىدە سېسىپ تۈگەيتتى...

ئەگەر بۇ كوچىدىن ئابلىكىم ئۆزى ماڭغان بولسا ئۇلارنى ئويلاپ ئولتۇرمايتتى، يېنىدا

خانقىز بولغاچقا ئېسىللىك، ئالىيلىق بىلەن پەسلىك، خارلىقنىڭ ئارىلىقىنىڭ بىر قارىسا ناھايىتى يىراق، بىر قارىسا ناھايىتى يېقىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنى كۆرۈپ قانداقتۇر بىر خىياللارغا غەرق بولغاندەك گەپ قىلماي كېتىۋاتقان خانقىزغا قاراپ، ھازىر تۈرمىدە ئىتتىنىڭ كۈنىنى كۆرۈۋاتقان، ساقچىلار “ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىشى مۇمكىن” دېگەن گۇلقىزنى ئويلاپ قالدى. خانقىز بىلەن گۇلقىز بۇ مىللەتنىڭ خوتۇن-قىزلىرىدىكى ئىككى قۇتۇپ ئادەملىرىنىڭ روشەن سېلىشتۇرمىسى بولۇپ، ئابلىكىمدە دەرھال ھەسرەتلىك بىر شېئىري تۇيغۇ ئويغاتتى. خانقىز بىلەن دەرھال مۇشۇ سېلىشتۇرما ھەققىدە پىكىرلىشىشنى ئويلىدى. لېكىن ئۇ گەپ قىلىپ بولغىچە خانقىز تۇيۇقسىز:

— مەن بەزىدە مۇشۇلارنىڭ ساددىلىقىغا ھەۋەسلىنىپ قالىمەن، -دېدى.

— ئابلىكىم مېڭىشتىن توختاپ، خانقىزغا ھەيرانلىق بىلەن قارىدى:

— بۇلارنىڭ ساددىلىقى نادانلىق، قالاقلىق. سىز نېمىسىگە ھەۋەسلىنىسىز؟

— ئۇلار بىزدەك مۇرەككەپ ئويلىمايدۇ، ئارتۇق خىيالنى يۈكلىۋالمايدۇ، تەبىئىي ياشايدۇ، بۇنىڭدا ھەۋەسلەنگۈدەك تەرەپلەر بار.

— ئۇنداقتا بىز ھايۋانلارغا ھەۋەسلەنسەك بولغۇدەك، ھايۋانلارمۇ تەپەككۇر قىلىدۇ، ئارتۇق ئويلىمايدۇ، تەبىئىي ياشايدۇ...

— سىز مېنىڭ گېپىمنى چۈشەنمەيۋاتىسىز، -دېدى خانقىز خاپا بولغاندەك.- ئۇلارنى ھايۋان دېمەكچىمۇسىز، بىلىپ قويۇڭ، ھايۋانلاردىمۇ ئادەملەردىن ياخشى نۇرغۇن ئېسىل تەرەپلەر بار، مەسىلىنى باشقىچە نۇقتىدىنمۇ كۆزىتىپ بېقىش كېرەك.

— ئابلىكىم كۆپ ئوقۇپ كەتكەن بۇ قىز بىلەن پىكىرلىشىش، مۇنازىرىلىشىشتە بەربىر ئۆزىنىڭ ئۇتتۇرۇپ قويىدىغانلىقىنى، ئەڭ مۇھىمى بۇنداق گەپلەرنى تالاشقاننىڭ ھېچ پايدىسى يوقلۇقىنى، ئەكسىچە ئۆزىنىڭ كەيپىياتىنى بۇزۇپ قويىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، گەپنى تۆگىتىشكە ئالدىرىدى:

— راست، مەسىلىنى ھەر خىل نۇقتىدىن كۆزىتىپ بېقىش كېرەك. لېكىن بىز ھەممە ئىشقا بىرلا كۆز بىلەن قاراپ ئۆگىنىپ قاپتىمىز. سىز بىلەن مۇشۇنداق پاراڭلىشىپ نەزەر دائىرەم ئېچىلىپ قالغۇدەك. كوپ ئوقۇغان يەنىلا كۆپ ئويلايدۇ، كۆپ چۈشىنىدۇ-دە!

— لېكىن بۇنداق بولۇشىمۇ ناتايىن، بەزى بىلىمنى مەكتەپتە ئۆگەنگىلى بولمايدۇ.

— توغرا، شۇڭا كىشىنىڭ ئۆزى ئۆگەنگەنلىرىمۇ مۇھىم.

— مېنىڭ دېگىنىم كىتابتىن ئۆگىنىشلا ئەمەس، ئۆزى كاللا ئىشلىتىپ ھېس قىلغانلىرى، تەجرىبىدىن ئۆتكۈزگەنلىرى...

— راست دەيسىز، بۇ گېپىڭىز مەندەك كۆپ ئوقۇمىغانلارغا ئىلھام بېرىدۇ.

— لېكىن ھازىر نۇرغۇن بىلىملەر كىتاب ۋە كومپيۇتېرغا تايىنىدىغان بولۇپ كەتتى.

— زامان تەرەققىي قىلغانچە ئادەملەر ئاخىرى بېرىپ ماشىنىنا ئادەمگە ئايلىنىپ قالامدىكىن دەيمەن. ئاڭلىسام ياپونىيىدە ئادەملەر ماشىنىدەك ئىشلەيدىكەنغۇ؟

— ماشىنىدەك ئىشلەيدۇ ھەم ئادەمدەك ياشاپ راھەتلىنىدۇ، كۆڭۈل ئاچىدۇ.

— سىز ئۇلارغا ھەۋەسلىنەمسىز؟

— مەنلا ئەمەس، پۈتۈن دۇنيا ھەۋەسلىنىدۇ.

— لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى كاپىر-دە، مۇسۇلمان بولغان بولسا شۇلارنى دۇنيادىكى ئەڭ مۇكەممەل مىللەت بولامدىكىن دەيمەن. ئىسلامغا كىرىۋاتقان ياپون ئالىملىرى ۋە بەزى ياپونلۇقلار بار دەپ ئاڭلىغاندىم، بۇ راستمۇ؟

— بىلمەيمەن، بولۇشى مۇمكىن. مېنىڭچە دۇنيادا بىر قەدەر مۇكەممەل ياشىغان ئادەملا باركى، مۇكەممەل مىللەت يوق.

— لېكىن ئاڭلىسام مۇشۇ يەھۇدىيلار ئۆزىنى دۇنيادىكى ئەڭ مۇكەممەل، ئالىي مىللەت دەپ ھېسابلىشىدىكەن.

— بۇ ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىدىكى نەرسىغۇ دەيمەن.

— لېكىن بۇ ئەڭ خاتا، رەزىل ئېتىقاد.

— ئۇلارنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن توغرا، بىزگە نىسبەتەن خاتا.

— لېكىن ھەقىقەتەن دۇنيادا پەقەت بىرلا، شۇڭا خاتانى ھېچ ئىمكان قالدۇرماستىن خاتا دېيىش كېرەك.-دېدى ئابلىكىم ئىشەنچ بىلەن.

— لېكىن ئۇلارنىڭ دۇنيادىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئەنە شۇ ئېتىقادتىن كەلگەن، بۇنىڭغىمۇ كۆز يۇمۇشقا بولمايدۇ.

— مۇۋەپپەقىيەت قازانغاننىڭ ھەممىسىلا توغرا يولدا دەپ ئويلىسىڭىز خاتالىشىسىز.-دېدى ئابلىكىم قىزىشىپ.- بەزىلەر رەزىل ئوي، رەزىل ۋاستىلارنى قوللىنىپلا ئاسان مۇۋاپپەقىيەت قازىنىدۇ، بۇنىمۇ توغرا دېيىش كېرەكمۇ؟ ئەگەر بۇنداق بولسا دۇنيادا ھەقىقەت دېگەن نەرسە قالمايدۇ.

— سىزنىڭ ھەقىقەت دېگىنىڭىز زادى نېمە، ئۇنىڭ خاراكتېرى ۋە چەك-چېگرىسىنى ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟-دېدى خانقىز ئابلىكىمگە يات بىر نەزەردە قاراپ.

— مېنىڭ نەزىرىمدە ھەقىقەت ۋە ئادىللىق بىز مۇسۇلمانلار ئىمان كەلتۈرىدىغان ئىسلام دىنىدا، يەنى خۇدا بىردىنبىر ھەقىقەت ئىگىسى. ھەقىقەتنىڭ زادى نېمىلىكىنى، خاراكتېرىنى، چەك-چېگرىسىنى، ھەممىنى ياراتقۇچى شۇ خۇدا بىلىدۇ.

— سىز گەپنى دىنغا ئاپىرىۋېتتىڭىز، دىن ھەققىدە مۇنازىرىلىشىپ بولغىلى بولمايدۇ، بۇ ھەقتە گەپ قىلىشقىمۇ چىششىم پاتمايدۇ. چۈنكى مەن ئۆزەمنى مۇسۇلمان دېگەن بىلەن، بۇ دىننى ياخشى ئۆگەنمىگەن، ھەم ئۇنى چۈشەنمەيمەن. دۇنيادا تۆت چوڭ دىن بار، ھەممىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا ھەقىقىتى بار. مەن سېلىشتۇرۇپ ئۆگەنگەندىن كېيىن ئاندىن بىر نەرسە دېيەلەيمەن.

ھەممە ئىشقا يەنىلا ئىلمىي پوزىتسىيە تۇتىسىز-دە، بۇ روھىڭىزدىن ئۆگەنسە بولغۇدەك.

— خانقىز جىمىپ كەتتى، نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى، "تولا ئوقۇپ كەتكەن، كاللىسى مۇرەككەپ بىر قىز ئىكەن بۇ" دەپ ئويلىدى ئابلىكىم ۋە گەپنى باشقا ياققا بۇرىدى:

― ئەمدى گۈلزار بىلەن بىر كۆرۈشۈپتىپ ئاندىن مېھمانخانىغا قايتامدۇق؟

لېكىن ئۇزاق ئولتۇرمايلى.-دېدى خانقىز بىردىنلا ئالدىراپ.- كۆرۈشۈپلا قايتىلى، بالدۇرراق قايتمىسام ئاپاشلار ئەنسىرەپ قالىدۇ.

― ئىككەيلەن گۈلزارنىڭ ياتىقىغا كىردى، گۈلزار ئۈششاق-چۈششەك نەرسىلەرنى جوزىسىغا تىزىپ قويۇپ، كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرغانىدى. خانقىز سۇخانىغا چىقىپ كەتكەندە گۈلزار سورىدى:

― قانداق بولدى؟

― بولدى ئىشقىلىپ...

― ماقۇل دېگەندەكمۇ قىلىدۇ، چىرايىڭدىن چاندۇرۇپلا تۇرىسەن...

― كۆزلىرىمدىن بەخت نۇرى چاقناۋاتامدا؟

― ھەئە چاقناۋاتىدۇ، خانقىزنىڭمۇ يۈزلىرى قىزىرىپ كېتىپتۇ، خوشلۇقىڭلاردا تازا ئىچىپسىلەر-دە! - دېدى گۈلزار كۈلۈپ.- خانقىز ياخشى قىز، ئىككىڭلەرنىڭ ياخشى ئۆتۈپ كېتەلەيدىغانلىقىڭلارغا ئىشىنىمەن.

― كىتابنىڭ سەھىپىسى تېخى ئەمدى ئېچىلدى، مەنغۇ ئاخىرىغىچە ئوقۇپ چىقالايدىغىنىمغا ئىشىنىمەن، لېكىن خانقىز ئىككى-ئۈچ بەت ئوقۇپلا تاشلاپ قويسا ئامال يوق...

― نېمىگە شائىرلىق ھەسرىتىڭ تۇتۇپ كەتتى ئەمدى، بىر قىز بىرسىنى ياخشى كۆرۈپ ماقۇل دېدىمۇ، ئۇنداق ئاسان توختاپ قالمايدۇ، بۇ ھەم ساڭىمۇ باغلىق. سەن ئۇنىڭ كۆتكەن يېرىدىن چىقىشىڭ، ئۇنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويىدىغان سۆز-ھەرىكەتلەرنى قىلماسلىقىڭ كېرەك. بولۇپمۇ توي قىلىشتىن ئاۋۋال بۇنىڭغا بەك دىققەت قىل. توي قىلمىغان قىزلار بۇنداق مەسىلىلەرگە بەك سەزگۈر.

― مېنىڭ ئەڭ ئىچىم پۇشىدىغان يېرى مۇشۇ.-دېدى ئابلىكىم ھارغىن قىياپەتتە.- سىلەر قىزلار دائىم كىچىككىنە بىر ئىشتىن چوڭ مەنىلەرنى تاپىسىلەر، قىلدەك ئىشنى پىلدەك يوغىنىتىسىلەر. بەزىدە ئېھتىياتسىزلىقتىن بەزى گەپلەرنى قىلىپ سالسا ياكى بەزى ھەرىكەتلەرنى قىلىپ تاشلىسا، شۇ ھامان ئۇنىڭ خاراكتېرىگە، سۈپىتىگە باھا بېرىپ بولىسىلەر. ئۇنىڭ ئەسلى ماھىيىتى، ئەسلى خىسلىتى قانداق، مەن ئۇنى ھەقىقىي چۈشەندىممۇ يوق دېگەنلەرنى ئويلاپ باقمايسىلەر. ئەگەر خانقىز مېنىڭ كىتابىمنى ئوقۇپ، مېنى ئەمەلىيەتتىمۇ كۆرۈپ كۆڭلىنى توختىتىۋالالمىسا دائىم شۇنداق تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزدەپ ئاۋارە بولىدۇ، مەنمۇ ئۇنىڭغا ياخشى كۆرىنىمەن دەپ يۈرۈپ ئەكسىچە پۇت-قولۇم كالۋالىشىپ، قالايمىقان جۆيلۈپ سېلىپ، ئاخىر ئۇنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويىمەن، مەن بۇنداق بولۇشنى خالىمايمەن. ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا بۇ قىز ماڭا پەقەت قىزىقىپ بېقىپتۇ، مېنى ئۆزىچە ئوينىتىپ بېقىپتۇلا دەيمەن-دە، ئىش تامام ۋەسسالام.

ئۇنداقمۇ بولۇپ كەتمەيدۇ، سەن بەك ئارتۇق ئويلىۋالىدىكەنسەن، بۇنچە ياشتىكى قىزمۇ ئالدىراپ ھۆكۈم چىقىرىدىغان كىچىك بالا ئەمەس، ئۇمۇ ئويلاپ ئىش قىلىدۇ.

خانقىز ياتاقتا كىرگەندە ئابلىكىم بايىقى گەپلىرىنى خۇددى خانقىز ئاڭلاپ قالغاندەك بىر تۇيغۇغا كېلىپ لەسسىدە بولۇپ قالدى، مەستلىكتە ئۆزىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي قالغاندەك، ئەتراپىدىكىلەر ئۇنى ئەيىبلەۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كەلدى. خانقىز ماقۇل دېگەندىن باشلاپ پەيدا بولغان غەلىتە بىر روھىي بېسىم ئۇنى قىسماقتا ئېلىۋاتاتتى، بۇ روھىي بېسىم ئابلىكىمدىكى “ بۇ پەۋقۇلئاددە قىزنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىشىم مېنىڭ بەختىم” دەيدىغان ئىنتىلىش ۋە توي قىلىش ئىستەكلىرىدىن كېلىۋاتاتتى. مەلۇم جەھەتتىن ئېيتقاندا ئۈستۈنلۈك ھامان خانقىز تەرەپتە ئىدى.

ئەتىسى كەچتە گۈلزار بىلەن ئابلىكىم مېھمانلارنى بېيجىڭدىكى ئەڭ كاتتا، ناخشا-ئۇسسۇللۇق بىر ئۇيغۇر رېستورانىغا باشلاپ ئاپاردى. خېڭتيەن ئەپەندى بىلەن خانىمى كاۋاپ، پولو دېگەندەك لەززەتلىك ئۇيغۇر تائاملىرىنى يېگەچ، داپچى، راۋاپچىلارنىڭ زوق-شوخ كۈيلىرىنى، ئۇسسۇلچى قىز-يىگىتلەرنىڭ پىقىراپ، تولغىنىپ ئوينىغان ئۇسسۇللىرىنى كۆرۈپ بۆلەكچە زوقلىنىپ، كۈلۈپ، ياشلاردەك شوخلىشىپ كېتىشتى، قىزىل ھاراقتىن ئىچىشتى، ھەممەيلەن تەڭ يەپ-ئىچىپ، دېسكو مۇزىكىسى چېلىنغاندا كىچىك سەھنىگە چىقىپ دېسكو ئويناپ، تاماق جوزىسى ئۈستىگە چىقىۋېلىپمۇ دېسكو ئويناۋاتقان، ئەسەبىيلەشكەن ئومۇمىي توپقا قوشۇلۇپ كەتتى. ئابلىكىم ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا تانسىخانىدىن قالمايدىغان ئوقۇغۇچى بولۇپ، تانسا-دېسكو دېگەنلەرگە پىشىپ كەتكەنىدى، بۇ كەچتىمۇ ئۇ قىزىل ھاراقنىڭ كەيپىنى چىقىرىپ، پۈتۈن بەدەنلىرىنى ئۇگە-ئۇگىلىرىدىن ھەرىكەتلەندۈرۈپ دېسكو ئوينىدى. ئۇ دېسكو ئوينىسا خۇددى شېئىر يېزىشقا كىرىشىپ كەتكەنىدەك ئۆزىنى ئۇنتۇپلا كېتەتتى، ئەسەبىيلىشىپمۇ قالاتتى. بىر چاغدا ئۇ ئويناپ-ئويناپ ھېرىپ قالغاندا ئەتراپىغا قاراپ، سەھنىدە پەقەت ئۆزىنىڭلا قالغانلىقىنى كۆردى.

خانقىز ماقۇل دېگەن كۈنى ئاخشىمى ئابلىكىم خېلى ۋاقىتلارغىچە ئۇخلىيالماي، شېرىن خىياللارغا غەرق بولۇپ تولغىنىپ ياتتى. بۇ ئاخشىمى بۇ كۆڭۈللۈك رېستوران ئولتۇرۇشىدىن يېنىپ خېڭتيەن ئەپەندى بىلەن خانىمىنى ياتىقىغا ئاپىرىپ قويۇپ، خېڭتيەن ئەپەندىنىڭ ماقۇللۇقى بىلەن خانقىزنى ياتىقىغا ئاپاردى. ئابلىكىم تۇرىدىغان ياتاق بىناسىنىڭ شارائىتى ناچار بولسىمۇ، ياتىقى چىرايلىق ئىدى. ئۇ خىزمەتكە چىققاندىن بېرى بۇرادەرلىرى بىلەن دائىم سورۇن قۇرۇپ، تونۇش قىزلارنى چاقىرىپ، مۇشۇنداق تار يەردىمۇ تانسا-دېسكولارنى ئويناپ، كۆڭۈللۈك ھايات كەچۈرۈپ تۇراتتى. خانقىز بۇ ياتاققا كىرىپ كارىۋاتتا ئولتۇرۇشغا ئابلىكىم كېچىدىن سۈرگەن ئاللىقانداق شېرىن خىياللىرىنى يەنە ئويلاپ بولدى.

— ياتاق شارائىتىم مۇشۇنچىلىك، قىستاڭ شەھەردە بىر كىشىلىك كارىۋاتنىڭ ئورنىدەك يەر تاپماقمۇ مۇشۇنداق تەس ئىكەن، ئىدارە ئۆي بېرەرمىكىن دەپ قاراپ ئولتۇرىمىز، لېكىن بىزگە كەلگەندە ھۆكۈمەتتىن ئۆي بېرىدىغان ئىش يوق ئوخشايدۇ. ھۆكۈمەت تاشلىۋەتمەس، بىر گەپ بولار دەپ ياشاۋاتىمىز...-دېدى ئابلىكىم ئەڭ ئېغىر دەردىنى سۆزلەپ.

— ياتىقىڭىز چىرايلىقكەن، بولدى مۇشۇنچىلىك ئۆي بولسا. كەڭرى ئۆي دېسىڭىز يېزىدا ياشىسىڭىز بولىدۇ.

— ھاۋاسى شۇنچە ساپ، كەڭرى يەرنى تاشلاپ مۇشۇنداق تار، ھاۋاسى بۇلغانغان شەھەردە ياشاۋاتىمىز، سىپسىقچىلىقتا كۆنۈپ قالغانمۇ ئوخشايمىز، ھېچ ئايرىلغۇمىز يوق. ياپونىيەنىڭ شارائىتلىرى كۆپ ياخشى-دە!

ئۇ يەردىمۇ ھەممە ئۆي ئۇنداق ئالىي، ھەشەمەتلىك ئەمەس، ئۆي دېگەنمۇ ئادەمگە قاراپ ھەر خىل بولىدۇ.

— بۇ گەپتىن ئابلىكىم سوغۇق شامال ئۇرۇلغاندەك ئەندىكىپ، سەل جىمىپ قالدى ، خانقىزنىڭ ئالدىغا چاي قۇيۇشنى ئۇنتۇپ كەتتى. خانقىز يەنە بىر گەپلەرنى قىلدى، ئابلىكىمنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. ئىككەيلەن بىللە ئولتۇرۇپ ئۇيغۇرچە VCDلارنى كۆردى، خانقىز بىر دەم ئولتۇرۇپلا خېڭتىيەن ئەپەندى، ئاپاشلار ئەنسىرەپ قالىدۇ دەپ ماڭغىلى تەمشەلدى. ئابلىكىم خانقىزنى ئېلىپ يولدا تاكسى توسۇپ تۇردى، كېچە 12دىن ئاشقاندا بۇ تار كوچىغا تاكسىلار ئانچە كەلمەيتتى، بىر دەم ساقلاپ تۇرۇشتى، سوغۇق شامال ئەدەپ كەتتى. ئابلىكىم تىترەپ تۇگۈلۈپ قالغان خانقىزنى ئىختىيارسىز قۇچاقلىۋالدى. خانقىز قوينىڭ قوزىسىدەك مۆلايىملىشىپ ئابلىكىمنىڭ قۇچىقىغا كىرىپلا كەتتى، ئابلىكىم خانقىزنىڭ چاچلىرىغا يۈزىنى ياقتى، دىمىقىغا خۇشپۇراق ئۇرۇلدى.

ئىككەيلەن گەپ قىلىشماي جىممىدە تۇرۇشتى، يۈرەكلىرىنىڭ سوقۇشلىرى بىر-بىرىگە بىلىنەتتى. ئابلىكىم خانقىزنى سۆيۈشنى ئويلىدى، لېكىن گۈلزارنىڭ گېپىنى ئويلاپ توختاپ قالدى، يېنىكلىك بىلەن ھەرىكەت قىلىشقا بولمايتتى. يەنە كېلىپ خانقىزنىڭ لېۋى نېپىز بولۇپ، يات جىنسقا نىسبەتەن ئانچە جەلپكالىقى يوق ئىدى، ئۆزىمۇ ھەم سۆيۈشۈشنى ئانچە خالىمايدىغاندەك قىلاتتى.

بىر تاكسى كېلىپ توختىدى. ئابلىكىم خانقىزنى مېھمانخانىغا ئاپىرىپ قويۇپ، ئۆزى قايتىش ئۈچۈن يەنە شۇ تاكسىغا چىققۋاتقاندا، مېھمانخانا سالونىغا كىرىپ كېتىۋاتقان خانقىزنىڭ ئۆزىگە قايرىلىپ بىر قاراپ قويغانلىقىنى كۆردى، بۇ بىر مەنىدىن بىشارەت ئىدى، ئابلىكىم بۇنى ئاڭقىرالمىدى، لېكىن بۇنىڭدىن مەنە ئىزدەپ جان تۇشىمايتتى، جاھاندا ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ ئىش بار ئىدى. لېكىن مۇشۇنداق كىچىككىنە ئالامەتلەر ئابلىكىمنىڭ ئېسىدە بەك ئېنىق ساقلىنىپ قالاتتى. ئۇ بۇ كېچىسىمۇ ئۆزاققىچە شېرىن خىيال سۈرۈپ ياتتى.

ئۈچىنچى كۈنى ئابلىكىم خانقىزنى ئېلىپ گۈلزارنىڭ يېنىغا باردى. خانقىز خېڭتىيەن ئەپەندىلەر بىلەن بىللە ئەتىسى سەھەرنىڭ ئايروپىلاندا ياپونىيەگە قايتماقچى، گۈلزار بىلەن خوشلاشماقچى ئىدى. گۈلزار خانقىزغا قىيالمايدىغاندەك قىلىپ، كىچىككىنە ياتىقىدىكى كىچىككىنە جوزىسىغا يەنە بىر مۇنچە نەرسىلەرنى تىزىپ، خانقىزغا چاي قۇيۇپ ھارمىدى. ئاخىرىدا بىر مۇنچە كۆڭۈل ئېيتىششىلار بولدى، گۈلزار ئەسلىمە ئۈچۈن خانقىزغا ئالىي بىر لەۋسۇرۇخ ھەدىيە قىلدى. ئىككىسى قۇچاقلىشىپ خوشلاشقاندىن كېيىنلا ئابلىكىم بىر نەرسىدىن ئازاتلىققا چىققاندەك بولۇپ، خانقىزنى باشلاپ ئۆزى بەش يىل ئوقۇغان بۇ مەكتەپنىڭ دەرەخ ۋە چىمەنلىك سەيناسىدا ئايلاندۇردى. خېلى كەچ كىرىپ قالغانىدى، ئابلىكىم بىر دەرەخنىڭ تۈۋىگە كېلىپ، خانقىزنى قۇچاقلاپ، ئادەتتە ئۆزىمۇ ئانچە قىلالمايدىغان قىززىق

پاراڭلارنى قىلىشقا چۈشۈپ كەتتى، خانقىزمۇ قىزغىنلىق كۆرسىتىپ ئۈنىڭغا ماسلاشتى. بۇرۇن شۇ يەردە، شۇ سىبىرىيە قارىغىيىنىڭ تۈۋىدە ئابلىكىم دائىم ئۆگىنىش قىلاتتى، ئارىلاپ رومانتىك خىياللارغىمۇ چۆكۈپ كېتەتتى. لېكىن تا ئوقۇش پۈتتۈرگىچە ئۇ خىياللىرىنىڭ بىرىنىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرالماي، مانا ئەمدى بىر دوكتور قىزنى باغرىغا بېسىپ، زوق-شوخ بىلەن پاراڭ سېلىپ، ئەتراپىدىكى ھەممە نەرسىنى تامامەن ئۇنتۇپلا كەتتى.

— ئىككەيلەن ئابلىكىمنىڭ ياتىقىغا باردى. ئىككەيلەن تونۇگۈنكىدىنمۇ بەك يېقىن ھەم قىزغىن ئىدى. ئابلىكىم ياتىقىنىڭ چىرىقىنى گۇڭگا قىلىپ، خانقىزنى تانسىغا تارتتى، خانقىز ئۇنىڭ بىلەن تانسا ئويناۋېتىپ توختىماي كۈلەتتى، كۈلگەچ سۆزلەيتتى:

— بەك رومانتىككەنسىز، شېئىرلىرىڭىزدىنمۇ بۇنى ھېس قىلغانىدىم.

— مەن كىچىكىمدىنلا شۇنداق، گۈزەل نەرسىلەرگە بەك ئامراق، ئەمەلىيەتكە ماس كەلمەيدىغان خىياللارنى قىلىمەن، بۇ رېئاللىقتا ماس كەلمەيدۇ دەيمەنىيۇ، ئۇنىڭ مېھرىدىن كېچەلمەيمەن.

سىز فرانسىيىگە چىقىپ ئوقۇسىڭىز چوقۇم باشقىچە ئادەم بولۇپ، تېخىمۇ رومانتىك، تېخىمۇ كاتتا شائىر بولۇپ يېتىشىپ چىقىسىز. سىز بۇنىڭغا ئىشىنىڭ. مەن سىزگە ياردەم قىلىمەن.

ئابلىكىم بۇ گەپتىن بۆلەكچە ھاياجانلىنىپ كەتتى، بەخت-ئىقبالىنىڭ دەرۋازىسىنى كۆرگەندەك، يېڭى بىر دۇنيانىڭ دەرىزىسىنى ھامان ئاچىدىغاندەك ھېسسىياتقا كەلدى، خانقىزنى چىڭ قۇچاقلىدى:

—سىز بىلەن تونۇشۇش بۇ ئۆمرۈمدە ئۇنتۇلغۇسىز بىر ئىش بولدى، سىزگە ئېرىشىشىمنىڭ ئۆزىلا ماڭا يېتىپ ئاشىدۇ، مەن بۇ بەختنى ئۆمۈر بويى قەدىرلەيمەن...

ئىككەيلەن قۇچاقلىشىپ ئۇزاق تانسا ئوينىدى، كەلگۈسى ئۈستىدە نۇرغۇن شېرىن پاراڭلارنى قىلىشتى، گەپ توي ئىشىغىچە بېرىپ يەتتى. خانقىز ئايىقىنى سېلىۋېتىپ ئابلىكىمنىڭ كارىۋىتىغا چىقىپ يۆلىنىپ ئولتۇردى، بۇ ھالەت ئابلىكىمگە شۇنچە يېقىن، شۇنچە ئىشەنچلىك بىلىندىكى، گويا كۆزنى يۇمۇپلا توينى قىلىپ خانقىزنى بۇ غېرىپ، ئەمما ئىللىق ھۇجرىسىغا ئەكىرىۋالغاندەك شېرىن، بەختىيار تۇيغۇغا چۆمۈلدى، خانقىزنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئولتۇرۇپ، ئۆز ئەھۋالىنى بايان قىلدى. خانقىز ئۆزىنىڭ ياپونىيىدە بىر تەرەپتىن ئوقۇپ، بىر تەرەپتىن ئىشلەپ خېلى پۇل تاپقانلىقىنى، كېيىنچە بېيجىڭدا ئىشلەپ، بېيجىڭدىن ئۆي ئېلىپ، ئۆزى ھەم خېڭتىيەن ئەپەندىنىڭ كېيىنكى تۇرمۇشى ئۈچۈن قولايلىق يارىتىش پىلانىنىڭ بارلىقىنى سۆزلىدى. بېيجىڭدىن ئۆي سېتىۋېلىشقا كۆزى يەتمەي كېلىۋاتقان ئابلىكىمگە بۇ گەپ تېخىمۇ ياردى. ئاخىردا ئىككەيلەن توينى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە بالدۇرراق قىلىش پىكرىگە كېلىشتى.

خانقىز ئەتىسى ئەتىگەن ماڭىدىغانلىقى ئۈچۈن ئابلىكىم ئۇنى مېھمانخانىغا بالدۇرراق ئاپىرىپ قويىدى ۋە خانقىزنىڭ ھىدى، ئىسسىقى كەتمىگەن ياتىقىغا يېنىپ كېلىپ، بۇ خۇشپۇراق ھاۋانى قېنىپ سۈمۈرۈپ، بايا تانسا ئوينىغان يەرگە، غۇۋا چىراغقا تىكىلىپ خانقىزنى خىيال قىلدى، ئەتە بالدۇر قوپۇش ئۈچۈن جىرىڭلايدىغان سائەتنى توغرىلاپ، يەنە

بىر ھازا شېرىن خىيال سۈرۈپ ياتتى.

ئەتىسى سەھەر ئويغىنىپ مېھمانخانىغا دەل ۋاقتىدا يېتىپ باردى، خانقىز سالوندا ساقلاپ تۇرغاندى. بىر دەمدىن كېيىن خېڭتىيەن ئەپەندى بىلەن خانىمى ئۇششاق-چۈششەك نەرسىلىرىنى كۆتىرىپ چىقىپ كەلدى، ئابلىكىم يەنە بېشىنى سەل ئېگىپ، ياپونلۇقتەك سالام بەردى. ئايرودرومغا قاتنايدىغان ئالىي دەرىجىلىك ئاپتوبۇس بىرسىنى ساقلاپ تۇرۇپ قالغان ئارىلىقتا ئابلىكىم ماشىنىغا چىقىپ، خانقىزنىڭ يېنىدا بىر دەم ئولتۇرۇپ ئاخىرقى پاراڭلىرىنى قىلىشىۋالدى. مېھمانخانىدىن كېچىكىپ چىققان بىر ياپونلۇق ئايال ئاپتوبۇسقا چىقىپ كۆپچىلىكتىن ئەپۇ سورىدى، ماشىنا ئەمدى قوزغىلاتتى. ئابلىكىم خانقىز ۋە خېڭتىيەن ئەپەندىلەر بىلەن رەسمىي خوشلىشىپ ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ تۇرۇشىغا ئاپتوبۇس ماڭدى، دېرىزە تەرەپتە ئولتۇرغان خانقىز قولىنى پۇلاڭلاتتى، ئابلىكىممۇ قولىنى كۆتۈردى، كۆڭلى يېرىم بولدى. مۇشۇ ۋاقىتتىلا ئابلىكىم بۇ قىزنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئاران ئۈچ كۈن، لېكىن بۇ ئۈچ كۈندە كەلگۈسى ھاياتىنىڭ بىر ئۇلى سېلىنىدى. ئەمما كېيىن ئىسپاتلاندىكى، رەھىمسىز ۋاقىت ھەممىنى سىنايدىكەن. كۆڭۈل بىر چەتكە قايرىلىپ قالىدىكەن، رېئاللىق ئۆز ئىشىنى قىلىۋېرىدىكەن. سېنىڭ ئاجايىپ كاتتا دېگەن ئىشىڭ ئاقىۋەت ھاياتىڭكى كىچىككىنە بىر قىستۇرما بولۇپلا قالىدىكەن. ئۇ شۇ ئۈچ كۈنلۈك مۇھەببەتلىك ھاياتىنى كۈندىلىك خاتىرىسىگە پارچە-پارچە تەسىرات شەكلىدە مۇنداق يازدى:

"ئۆلگەن ۋاقىتلارنى تىرىلدۈرگىلى بولمىغاچقا ئۆلۈمگە يۈزلىنىپ تۇرۇشىمىز مۇقەررەر. خانقىز قەلبىمدە ئابىدە تىكلىدى. ئۇ قىز بىلەن ئۆتكەن كۈنلىرىم ھەرگىز ئۇنتۇلمايدۇ. دەسلەپتە قورۇندۇق، كېيىن چىقىشىپ قالدۇق، شۇنداق بىر بەخت تۇيغۇسى ۋۇجۇدۇمنى لەرزىگە سالدى. ئىشقى-مۇھەببەت خوشلۇقى كەينىمدە قالدى، قىزىققىنىم ئىلىم، ئىلمىيلىك، تەبىئىيلىك، ئوماقلىق... خۇشخۇيلۇق كەلگۈسى پارلاق كۈنلەر بىلەن يورۇتۇلغان ئىستىقبال... ئەجىبا مەن ئۆز بەختىمدىن گۇمانسىراۋاتامدىمەن؟ خاتىرىلىرىم ئەپسۇسلۇق ئىچىگە چۆكۈپ كەتتى. ئۇ كۈنلىرىم ئەسلى رېئال ھالىتى، ماھىيىتى بىلەن ئۇزىتىلدى. ۋاقىتنىڭ كۆكسىنى ئېمىۋەردىم، بوۋاق بالىغا بۇنىڭدىن باشقىسى بىكار، بىخۇدلۇق دېگەن شۇ... ئۇ قىز بىلەن يېقىنلاشتىم، يۈرىكىمىز سوقۇلۇپ، مۇھەببەت ئۈچقۇنى پەيدا قىلدى. بۇ يەنە بىر مۇھەببەت! مۇھەببەت — مۇناسىۋەتنىڭ گۈلى، سەرخىل، گۈزەل گۈلى! بۇرۇنقى قىزلار توزۇپ كەتتى، ئازابىم ئۇنتۇلۇپ كەتتى. خانقىز بىلەن توي قىلىدىغان بولدۇم. ئويلىساملا مۇمكىن ئەمەستەك، ئەمما مۇمكىن بولۇشى ھەقلىقتەك، مۇمكىن بولغاندىن كېيىن ھەممە ئىش ئاساندەك... بىراق ئۇنداق ئاسان ئىش يوقلۇقى شۇنداق ئېنىق. ئۇ نازىنىن دېگۈچىلىك قىز بولمىسىمۇ ئەمما ۋاي دېگۈچىلىكى، ئاسمانغا كۆتىرىپ كىچىك بالىدەك ئاتقىلى، ئويناتقىلى، كۆلدۈرگىلى بولغىدەك ئاجايىپ ئەقىللىق، تىرىشچان، ئەخلاقلىق قىز. قىززىق، شۇ تەسەۋۋۇرۇمنى ئەڭ دەسلەپتە ئۇنىڭغا خەت يازغاندا پەيدا قىلغانىدىم. قىزلار ئوغۇللار تەرىپىدىن كىچىك بالىدەك شۇنداق كۆتۈرۈلۈشنى ئارزۇ قىلسا كېرەك. خانقىزنىڭ ۋۇجۇدىنى ئىنتايىن ئاۋايلاپ توغرا قىلدىم. مەن بەزى تۇيغۇلىرىمنى چوڭ بىلىمەن، بۇنىڭ توغرا-خاتاسى

يوق، ئەمما نەپسىم ھەقىقەتەن يامانلىقنى چىرايلىق كۆرسىتىدۇ. بىز قۇچاقلاشقاندا بۇ كىچىك قىز بۈيۈك بىر ئايالغا ئايلانغاندى. مەن ئۇنى كەلگۈسىدىكى بەختلىك ئايالىم، يۆلەنچۈكۈم، ھەمراھىم، دىلكىشىم، سۆيۈملۈكۈم دەپ ھېس قىلغانىدىم..."

خانقىزنى ئۇزاتقان كۈنى چۈشتىن كېيىن ئابلىكىم ئىشخانىسىدائىشلەۋېتىپ خېڭتىيەن ئەپەندى ئۇرغان تېلېفوننى ئالدى، ئارقىدىن خانقىزنىڭ زىل، چىرايلىق ئاۋازى كەلدى، ئۇلار ياپونىيىگە تىنچ-ئامان يېتىپ بارغانىدى. بىر قانچە ھەپتىدىن كېيىن خانقىزدىن خەت كەلدى، خەت يەنە چىرايلىق، خۇشپۇراقلىق گۈللۈك قەغەزگە يېزىلغانىدى، ئابلىكىم ئۇنى تەشنالىق بىلەن ئوقۇشقا باشلىدى:

قەدىرلىك ئابلىكىم:

ياخشىمۇسىز، بۇ قېتىم بېيجىڭغا بېرىپ سىز بىلەن كۆرۈشۈپ بەك خۇشال بولدۇم. سىز بىلەن خوشلۇشۇپ ياپونىيىگە قايتىپ كېلىپ، تۆنۈگۈن سىز بىلەن تېلېفوندا كۆرۈشۈپ، مانا يەنە بۈگۈن سىزگە خەت يېزىۋاتىمەن. ۋاقىت نىمىدېگەن تېز ئۆتكەن.

سىزمۇ بىز بىلەن بىللە بولىمەن دەپ ئىش ئورنىڭىزدىن رۇخسەت سوراپ، ئۇ يەر بۇ يەرگە بېرىپ جىق جاپا تارتتىڭىز. سىز ئۈچۈن رەھمەت ئېيتىمەن. بۇ قېتىم گەرچە قىسقا ۋاقىت بولغان بولسىمۇ مەن جىق نەرسىلەرنى (ئۇزاق ۋاقىتتىمۇ ئېرىشەلمىگەن، ئېرىشەلمەيدىغان) جىق نەرسىلەرنى ھېس قىلدىم. ھەممىسى مەن ئۈچۈن بەك ياخشى ئىشلار.

مەن تۆنۈگۈن سىزگە ەېلېفوندا مەن بەلكىم بۇ ئىشلارنى قەتئىي ئويلىماسلىقىم مۇمكىن دېگەنىدىم. لېكىن ئويلىماسلىقىم مۇنكىنمۇ؟ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى سىزمۇ بىلىسىز. مەن سىزنى ۋە تويى قىلىش ئىشلىرىنى بۈگۈن بىر كۈن ھېچ ئىش قىلماي قاتتىق ئويلىنىپ بېشىم يېرىلىپ كەتكۇدەك ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ. لېكىن سىزگە خەت يازمىسام بولمايدۇ. سىزگە خەت يېزىپ بىر ئاز تىنچلىنىپ قېلىشىم مۇمكىن.

قايتىپ كەلگەندىن كېيىن خېتىڭىزنى يەنە 20 قېتىم ئوقۇدۇم. سىز نېمىشقا ماڭا شۇنداق ياخشى خەتلەرنى يازالايسىز. ئەمدى مەنمۇ سىزگە بۇ قېتىم ئويلىغانلىرىمنى ياخشى يازاي. بۇ قېتىم سىزنىڭ بىز ئۈچىمىزگە بەرگەن تەسىرى بەلكىم سىز ئويلىغاندىنمۇ بەكرەك ياخشى بولدى. رەسىمىڭىزنى، خېتىڭىزنى كۆرگەندىنمۇ بەكرەك ياخشى بولدى دەپ ئويلايمەن. سىز مېنى كۆرۈپ قانداق تەسىراتقا كەلدىڭىز؟

تۆنۈگۈن خېڭتىيەن مۇئەللىملەرگە سىز بىلەن دېيىشكەن سۆزلەرنىڭ بىرىنى قويماي ھەممىنى دېدىم. ئۇلار بەك خۇشال بولدى. مەن ھازىرغىچە بىرەرسى بىلەن توي قىلاي دەپ قارار قىلمىغانىدىم. بۇ مەن ئۈچۈن خۇشاللىق ئىشق بولۇشى كېرەك ئىدى. بىراق مەن بەك ئەنسىرەپ كېتىۋاتىمەن. ئىككىمىز بەختلىك بولالامدۇق-يوقمۇ؟ سىزنىڭ ماڭا دېگەن گەپلىرىڭىز، يازغان خەتلىرىڭىزگە ئىشەنسەم بولامدۇ؟ قانچىلىك ئىشەنسەم بولىدۇ؟ سىز راستىنلا ئۆزىڭىز دېگەندەك ياخشى بالىمۇ ئەمەسمۇ؟ سىزگە بەك جىق ئورۇنسىز سوئاللارنى قويۇپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ ئىنتايىن خىجىل بولۇۋاتىمەن. بىراق بۇنداق گەپلەرنى سىزدىن باشقا ھېچكىمگە دېيەلمەيمەن. مەن بەلكىم مەن بىلەن تەڭ ياشتىكى قىزلارغا

سىلىشتۇرغاندا بەلكىم جىق ئىشلارنى بىلمەسلىكىم مۇمكىن. سىز ماڭا جىق يەرلەردە جىق ئىشلارنى ئۆگىتىپ ياخشى تەرەپلەرگە باشلىمىسىڭىز بولمايدۇ. مەنمۇ ئۆزەمنىڭ بىلگەن نەرسىلىرىنى سىزدىن ئايىمايمەن. سىزنىڭمۇ جىق يەرلەردە ماڭا ياردەم قىلىشىڭىزنى سەمىمىيلىك بىلەن تىلەيمەن.

تۆنۈگۈن دادام-ئاپاملار بىلەن تېلېفوندا بىر سائەتتەك سۆزلەشتىم. دادامـمۇ-ئاپاممۇ، ئائىلىمىزدىكىلەر بەك خۇشال بولدى. "ئاپا مەن 7-ئايدا بىرسى بىلەن توي قىلىشنى ئويلاۋاتىمەن..." دېگەن سۆزدىن باشلىنىپ تاكى تۆنۈگۈنگىچە بولغان سۆزلەرنى سىزنىڭ تاپشۇرۇقىڭىز بويىچە جىق، ئېنىق سۆزلىدىم دەپ ئويلايمەن. ئاپام "مەن بۇ گەپلەرنى بۈگۈن ئاڭلىدىم. بۇنىڭدىن كېيىن ياخشى ئويلىنىپ سىزگە بىر پارچە خەت يازاي، هازىر نەر نەرسە دېيەلمەيمەن. لېكىن بەك خۇشال بولۇۋاتىمەن. سىز بەك جىق تارتىپ جىق ئوقۇدىڭىز. ئەمدى بىز سىزگە ئۇنداق،بۇنداق هېچنەرسە دېيەلمەيمىز. بىراق بىز سىزنىڭ ئاتا-ئانىڭىز بولغاندىكىن سىزلا بەختلىك بولسىڭىز خۇشال بولىمىز" دېگەندەك بەك ياخشى گەپلەرنى قىلدى. مەن ئەنسىرىگەن ئورۇنسىز ئەنسىرەشلەر توغرىلىق بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. دادام، ئاپاملارنىڭ خېتىنى ساقلايمەن. نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى ئۇقمايمەن، بىراق هەممە ئىشلار ياخشى تەرەپكە ماڭىدۇ دەپ ئويلايمەن. سىزمۇ ياخشى تەرەپلەرگە ئويلاپ تۇرۇڭ.

مەن ئىككىمىزنىڭ ئىشىنى مېنىڭ ئەڭ ياخشى دوستۇم ۋە ئاتا-ئانامدىن باشقا هېچكىمگە دېمىدىم. گۈلزاردىن بەلكىم سىزمۇ ئاڭلىغانسىز. ئىككىمىز بۇ ئارىلىقتا يەنە ئۆز ئارا خەت يېزىشىپ، بىر-بىرىمىزنى تولۇق چۈشىنەيلى، مەن سىزنىڭ ئىشلىرىڭىزنى ئۆزەمنىڭ ئىشلىرىدەك ئويلىيالايدىغان، سىزگىمۇ ئۆزەمگە كۆيۈنگەندەك كۆيۈنەلەيدىغان، قالايمىقان، قۇرۇق گەپلەرنى قىلىپ سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى ئاغرىتمايدىغان بولاي دەيمەن. بۇنىڭدىن كېيىن بىر-بىرىمىزگە كۆيۈنۈپ، هەقىقىي هالدا بىر-بىرىمىزنى قەدىرلىيەلەيدىغان ياخشى مۇناسىۋەت ئورنىتالىساق ئەڭ ياخشى بولاتتى. مەن هايات بەك گۈزەل نەرسە دەپ ئويلايمەن. مېنىڭ دوستلىرىمنىڭ، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىمنىڭ ئىچىدىمۇ توي قىلىپ ياخشى، بەختلىك بولالمىغانلار بار. مەن كۈندىلىك تۇرمۇشقا زېرىكىپ، بىر-بىرسى بىلەن ئۇرۇشۇۋاتقان ئەر-ئاياللارنى كۆرسەم ئىچىم سىقىلىدۇ. ئەگەر ئىككىمىز راستىنلا توي قىلىپ قالساق، داۋاملىق خۇشال-خورام، دوستلاردەك ئىللىق ئۆتسەك دەيدىغان ئارزۇيۇم بار. سىز قانداق ئويلايسىز؟

بۈگۈن خېتىمنى مۇشۇ يەرگىچە يازاي. سىزگە سالامەتلىك تىلەيمەن.

ـــ هۆرمەت بىلەن: خانقىز

ئابلىكىم خانقىزنىڭ كۆڭلىدىكى ئەنسىرەشلەرنى ئۆزىگە بېرىلگەن ئالىلقانداق يامان بىر بېشارەتتەك هېس قىلدى. كۆڭۈلگە ياقىدىغان شېرىن گەپلەرنىڭ كەينىدە يەنە قانداقتۇر بىر گۇمان، ئىشەنمەسلىك، دېلىغۇللۇق بار ئىدى. ئابلىكىم خانقىزنىڭ كاللىسىدىكى مۇرەككەپ ئوي-خىياللارنىڭ يەنە باشلانغانلىقىنى، بەلكىم بۇنىڭ تاكى توي قىلغىچە داۋاملىشىدىغانلىقىنى ئويلاپ، بەخت، ئامەت مەنزىلىگە يېتىش ئۈچۈن ئۆزىنى قىل ئۈستىدە كېتىۋاتقاندەك، هېلىلا گويا تەڭپۇڭلۇقنى يوقىتىپ هەممىدىن بىراقلا قۇرۇق قالىدىغاندەك

تۇيغۇغا كەلدى، ئولتۇرۇپ بىر هازا خىيال سۈردى، "بۇ ئىشقا ئەسلىدىلا ئانچە ئىشەنچىم يوق ئىدى..." دەپ ئويلىدى ئۇ هارغىن كەيپىياتتا "هېلىمۇ تىرىشىپ مۇشۇ يەرگىچە ئەكەلدىم، ئاخىرىغىچە تىرىشاي، ئۇ قىزنىڭ ياپونىيىگە بېرىپلا كەيپىياتىنىڭ ئۆزگىرىپ، يالغۇزلۇقتا تولا خىيال سۈرۈپ، زىيادە ئەنسىرەپ يۈرۈيدىغانلىقىنى مەنمۇ پەرەز قىلغان، لېكىن ئۇنچىلىك بولۇپ كېتىشىنى كىم بىلسۇن. نېمىلا بولمىسۇن ئۇنىڭ كۆڭلىنى تىنجىتىش كېرەك، بۇ قىسقا مۇھەببەت رىشتىسىنى چىڭىتىش كېرەك..."

ئۇ شۇ هامان خانقىزغا بۇ دوستلۇق، بۇ مۇھەببەت، بۇ توي ئىشىنىڭ ئىشەنچ، مېهىر-ۋاپا سېپىلى بىلەن مۇستەهكەم قوغدىلىپ تۇرىدىغانلىقى، ئۆزىنىڭ بۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن هاياتىنى بەدەل قىلىدىغانلىقى هەققىدە سەمىمىي، قىزغىن خەتتىن بىر پارچە يازدى، بۇ خەت خانقىزنىڭ كۆڭلىنى ۋاقىتلىق بولسىمۇ خاتىرجەم قىلالايتتى. ئابلىكىم خانقىز بىلەن تاكى توي قىلىش نېسىپ بولغىچە مۇشۇنداق خەتتىن يەنە بىر قانچە پارچە يېزىش كېرەكلىكىنى ئويلاپ، خانقىزنىڭ ئۆزىگە بولغان هېسسىياتىدىن، خەتتە دېگەن بەزى چىرايلىق گەپلىرىدىن تۇرۇپلا گۇمانلىنىپ قالدى. ئولتۇرسا قوپسا كاللىسىغا شۇ سوئاللار كېلەتتى: بۇ قىز ئەگەر مېنى هەققەتەن ياخشى كۆرسە يەنە نېمىدىن ئەنسىرەيدۇ؟ ئۇرۇنسىز ئەسرەشلىرىنى نېمىشقا توختاتمايدۇ؟ مېنى كۆرمىگەن بولسىغۇ بىر گەپ، كۆرۈپ تۇرۇپمۇ كۆڭلىنى توختىتالمىسا قانداق بولغىنى؟ مەن هەر قانچە يالغانچىلىق، كۆز بويامچىلىق قىلىۋاتقان بولسامۇ تۆت-بەش ئاي، هەتتا شۇ ئۈچ كۈندىمۇ ساختىلىق قىلارمەنمۇ؟ بۇ مېنىڭ تەبىئىتىمگە خىلاپ ئەمەسمۇ؟ مېنى يېتەرلىك تەتقىق قىلىپ چۈشىنىپ بولالمىغان بولسا يەنە قاچانغىچە ئۇنىڭغا ئۆزەمنى چۈشەندۈرىمەن دەپ ئاۋارە بولۇپ يۈرۈيمەن؟ ئۆتكەندە پاراڭلاشقاندا ئۇ ئۆزى "بەزىدە بىر ئادەمنى بىر قاراپلا بىلگىلى بولىدۇ، بەزىدە بىر ئادەم بىلەن نەچچە يىل بىللە ياشىسىمۇ ئۇنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ" دەۋاتاتتى، ئەجەبا مېنى بىر قانچە يىل بىللە ياشىسىمۇ چۈشەنگىلى بولمايدىغان ئادەم قاتارىغا چىقىرىۋەتكەنمىدۇ؟ ...ئابلىكىم كونىلارنىڭ "كۆزدىن يىراق، كۆڭۈلدىن يىراق" دېگەن گېپىنىڭ ۋەزنىنىڭ ئېغىرلىقىنى هېس قىلدى.

دېمىسىمۇ ئۈچ كۈن كۆرۈشۈپ، قىسقا مۇھەببەتلىشىپلا بۇ مۇناسىۋەتنى تويغا ئاپىرىپ تاقاپ قويۇشتى. بۇ ئىشنى خانقىز ئائىلىسىدىكىلەرگە دەپتۇ، ئۇلارنىڭ جاۋابى ئېنىق ئەمەس، ئۇرۇمچىلىك زىيالىيلار ئىلمىي ئادەملەر بولسىمۇ شەهەرلىك ئېغى كۈچلۈك، ئۆز تۇرمۇشىغا خەقلەرنىڭ كۈزەتچىلىك قىلىشىنى ياقتۇرمىسىمۇ، لېكىن ئۇنى قوبۇل قىلىدۇ، ياخشى-يامان ئادەت ئارىلىشىپ كەتكەن بۇ جەمئىيەتكە ئاستىرىتتىن ماسلىشىدۇ. بولغۇسى كۈيئوغۇل چوڭ شەهەردە ئىشلىسىمۇ ئۆيىدىكىلىرى يېزىلىقكەن، ئويلىشىپ باقايلى دېيىشى مۇمكىن. گەرچە خانقىز خېتىدە بۇنى ئېنىق يازمىسىمۇ ئابلىكىم بۇنى پەرەز قىلالايتتى. ئابلىكىممۇ گەرچە خانقىزغا قىياسەن بۇ ئىشقا ئانچە ئىشەنچ قىلالمىسىمۇ ئۆيىدىكىلەرنى خەۋەردار قىلدى. مۇھەببەت خۇسۇسىي نەرسە بولسىمۇ، توي ئىشى كۆپ ئادەمگە چېتىلاتتى، ئاۋۋال ئاتا-ئانا، ئاندىن دوست-يارەن...پېتنىچى دۈشمەن...ۋاهاكازا. ئاتىسىدىن كىچىك ئايرىلىپ قالغان ئابلىكىم ئانىسىغا بىر پارچە خەت يېزىپ، خانقىزنىڭ سۈرىتى بىلەن قوشۇپ ئەۋەتتى،

خانقىزنى بىر مۇنچە ماختاپ، ئۆزىنىڭمۇ ئۇنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلسا چوقۇم بەختلىك بولالايدىغانلىقىنى ئېيتتى. بىر قانچە ھەپتىدىن كېيىن ئابلىكىمنىڭ ئاكىسىدىن تېلېفون كېلىپ، خەتنى ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ كۆرگەنلىكىنى، ئانىسىنىڭ ئابلىكىملا ياخشى كۆرسە باشقىچە پىكىردە بولمايدىغانلىقىنى يەتكۈزدى.

بىر قانچە كۈندىن كېيىن خانقىزدىن جاۋاب خەت كەلدى. ئابلىكىم خەتنى ئاچتى، خەت گۈللۈك، خۇشپۇراقلىق قەغەزگە يېزىلماي، ئادەتتىكى قەغەزگە ئىككىلا ۋاراق يېزىلغانىدى، خەتنىڭ مەزمۇنىنى ئوقۇماي تۇرۇپلا ئابلىكىم بۇرۇنقى قىزغىن ھېسسىيات ۋە بەخت تۇيغۇسىدىن بارا-بارا ئايرىلىپ قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

ئابلىكىم:

ياخشىمۇسىز! خېتىم بەك كېچىكىپ كەتتى. سىزدىن كەچۈرۈم سورايمەن. خېتىڭىزنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ بەك خۇشال بولدۇم. خېتىڭىزنى بەك ساقلاپ كەتتىم، ياخشى تۇرۇۋېتىپسىز ھەر ھالدا. مەنمۇ يامان ئەمەس كېتىۋاتىمەن. ئۆتكەندە كۆرۈشكەن چېغىمدا يېتەكچى ئوقۇتقۇچۇم تۇگەپ كەتتى دېگەنلىكىم ئېسىڭىزدىمۇ؟ (ئابلىكىم خانقىزنىڭ ئۇنداق دېگەنلىكىنى ھېچ ئەسلىيەلمىدى). يېقىندا يېڭى يېتەكچى ئوقۇتقۇچۇم بىلەن كۆرۈشكەندىم، ئۇنىڭ يېتەكچىلىك ئۇسۇلى ئوخشىمايدىكەن. دەسلەپكى ئوقۇتقۇچۇم مېنى قەدىمىي ئەسەرلەر، ۋەسىقىلەر ئۈستىدە ئوقۇتۇپ كەلگەن. بۇ قېتىمقى ئوقۇتقۇچى پۈتۈنلەي ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق يېتەكچىلىك قىلىدىكەن. مەن ھازىرغىچە بىر قېتىممۇ ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ باقمىغان، ئۇسۇلىنىمۇ ئۇقمايمەن. ئىشقىلىپ قانداق قىلىشىمنى بىلەلمەي قالدىم. سىزگە خەتتە بۇ ئىشلارنى ياخشى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيمەن. ئىشقىلىپ ھازىر ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا تۇرىۋېتىپتۇ دېگەننى ياخشى چۈشىنىۋېلىڭ. ھازىر ئامال ئىزدەۋاتىمەن، ئويلاۋاتىمەن. ئەڭ يامان ئەھۋالدا مەكتەپ، ئوقۇتقۇچى ئالماشتۇرۇشۇم مۇمكىن. ھازىر كۆڭلۈم بەك يېرىم. قانداق قىلىشىمنى ئۇقالماي قېلىۋاتىمەن. سىزنى بەك سېغىندىم. خېتىڭىزدە بەك توغرا دەپسىز، مەنمۇ سىزنى بىزەمۇ بىرىنچى قېتىم كۆرگەندەك ھېس قىلمىدىم، بۇرۇندىن تونۇيدىغان يېقىن دوستۇمدەك ھېس قىلدىم. مەكتەپنىڭ ئىشلىرىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بىر قېتىم قايتىمەن. بۇ توغرۇلۇق يەنە ئايرىم خەت يازارمەن. ئەگەر ئىككىمىز توي قىلساق بىر-بىرىمىزنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنى ئۆگىنىپ، بىر-بىرىمىزگە يامان يا-يۆلەكتە بولىمىز دەپ ئويلايمەن.

مەن فرانسىيىنىڭ ئىشلىرىنى سۈرۈشتۈرۈۋاتىمەن. بىرىنچى شەرت، بانكىدا 300 مىڭ يۈەن پۇل بولمىسا بولمايدىكەن. مەن سىز ئۈچۈن بۇنىڭدىن كېيىن ئىقتىسادچانلىق بىلەن پۇل يىغىمەن. توي ئىشىمىزنىمۇ ياخشى ئويلىشايلى. ئىككىمىز ئاتا-ئانىمىزنى چاقىرىپ بېيجىڭدا توي قىلساق بىزە ياخشى بولامدىكىن دەپمۇ ئويلىدىم. بۇ توغرىلىق سىزنىڭ پىكرىڭىزنى ئاڭلايمەن. سىز قانداق ئويلايسىز. شۇنداق قىلساق بىزە تېجەشلىك بولامدىكىن. خېڭتىيەن ئەپەندىلەرنىڭ سالامەتلىكىگىمۇ، بېرىشىغىمۇ پايدىلىق، ئۇرۇغ-

تۇغقانلار شۇ باھانىدە بېيجىڭنى كۆرۈۋالسا دەپمۇ ئويلايمەن.

سىز چوقۇم چەتئەلگە، ياۋروپاغا بېرىڭ. يازغۇچى بولۇش ئۈچۈن، ياخشى ئەسەرلەرنى يېزىش ئۈچۈن چوقۇم دۇنيانى دۇنيانى كۆرۈش كېرەك. مەن خېتىڭىزدىن ئەپەندى ئائىلىسىنىڭ ياخشىلىقى بىلەن مۇشۇ يەرگىچە ئوقۇيالىدىم. دۇنيادىكى ئادەملەر بىر-بىرىگە ياردەم بېرىپ بىرى-بىرىنى يۆلىشىپ ئۆتىدۇ، ھېچكىم يالغۇز ياشىيالمايدۇ. سىز بىلەن پارىژنىڭ يوللىرىدا بىللە مېڭىش مېنىڭ ئارزۇيۇم، لېكىن بۇنىڭ ئۈچۈن ئىككىمىز تىرىشمىساق بولمايدۇ. ئالىيجاناپ كۆڭۈل، گۈزەل ئارزۇ، ئىرادە بىلەن ياشاپ، بىر-بىرىمىزگە ئىشىنىپ، ئىلھام بېرىپ، ياردەم بېرىشىپ ئۆتسەك دەپ ئويلايمەن.

سىز بىلەن خېتىڭىزدىن ئەپەندى، گۈلزارلار ئارقىلىق تونۇشۇپ بەك خۇشال بولدۇم. سىزدەك ياخشى بالا بىلەن تونۇشقانلىقىم ئۈچۈن بەك تەلەيلىك بولسام كېرەك. سىزنى ياخشى كۆرۈشكە تىرىشىمەن.

خېتىڭىزدىن ئەپەندى بىلەن ئاپاش سىزگە سالام ئېيتتى. سالامەتلىكىڭىزنى ئاسراڭ. ئىشلىرىڭىزغا خۇشاللىق تىلەپ خېتىمنى ئاخىرلاشتۇرىمەن. — خانقىز

ئابلىكىم خانقىزنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا يازغان "سىزنى ياخشى كۆرۈشكە تىرىشىمەن" دېگەن گېپىنىلا راست دەپ ئويلىدى، قالغانلىرى بەلكىم مەلۇم قىزغىنلىقتا دەۋەتكەن گەپلەر. خانقىز خېتىدە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ قانداق جاۋاب خەت يازغانلىقىنى دېمىگەنىدى. ئابلىكىم بىر كۈن ئىچى پۇشۇپ يۈردى، ئەتىسى گۈلزار بىلەن تېلېفونلاشتى، گۈلزار تويدىن ئاۋۋال ھەر قانداق قىزدا ئەنسىرەش بولىدۇ، بەلكىم ئىشلار ئوڭۇشلۇق بولۇپ كېتەر، ئارتۇق ئەنسىرەپ كەتمىگىن، داۋاملىق سەممىي، تەسىرلىك خەتلەرنى يېزىپ تۇرغىن، دېدى. ئابلىكىم تويىنىڭ گېپى چىققانلىقى، بەزى ئەمەلىي مەسىلىلەرنىمۇ ئويلاش ۋە خانقىز بىلەن ئورتاق پىكىرلىشىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلغانلىقى ئۈچۈن، بۇ قېتىمقى خەتكە بۇرۇنقىدەك رومانتىك، ھاياجانلىق گەپلەرنى يېزىۋەرمىدى، بۇ ئىشنى ئۆيىدىكىلەرگە ئېيتقانلىقىنى، ئانىسىغا يازغان خەتكە خانقىزنىڭ سۈرىتىنى قوشۇپ ئەۋەتكەنلىكىنى، ئانىسىنىڭ بۇ ئىشقا رازى بولغانلىقىنى ۋە كېيىن چوقۇم خانقىزنى ياخشى كۆرۈپ قالىدىغانلىقىنى، توينى بېيجىڭدا قىلىش، ئۆرۈمچىدە قىلىش ياكى ئابلىكىمنىڭ يۇرتىدا قىلىش مەسىلىسىدە يەنىلا چوڭلارنىڭ مەسلىھەتىگە قاراش لازىملىقىنى، توي خېتىنى ئېلىش ئۈچۈن خانقىزنىڭ بېيجىڭغا ئۆزى ئاۋۋال بىر كەلمىسە بولمايدىغانلىقىنى... يازدى. ئابلىكىم بۇ خەتنى سېلىپ بىر ئايغىچە خانقىزدىن جاۋاب كەلمىدى. ئابلىكىم بۇ ئىشنى ئويلىماي دېسىمۇ تولا ئويلاپ خىيالپەرەس بولۇپ كەتتى، خىزمەت، كىتاب ئوقۇش، ھاراق ئىچىش...شېئىر يېزىش دېگەننىڭ ھېچقايسىسى خوشياقمىدى، پەقەت كۈندىلىك خاتىرە يازسا كۆڭلى ئاز-تولا ئارام تاپاتتى:

" بۇ ھورۇنلۇق بىلەن ۋاقىتقا يېتىشىپ بولالمايۋاتىمەن. بىر ئاي بولدى، ئۇ قىزدىن خەۋەر يوق، كاللىسىدا نېمە خىيال، قورسىقىدا نېمە جىن بارلىقىنى ئۇققىلى بولمايدۇ، چىدىمىدىم، بۇ ئۆمۈرنىڭ ئەھمىيىتى زادى نېمە؟ قولۇم بەختكە تولا سوزۇلۇپ ئۈزۈلۈپ قالاي دېدى. ئۇ خېتىدە "سىزنى ياخشى كۆرۈشكە تىرىشىمەن" دەپتۇ، بىراق ئۇ نېمىگە تىرىشىدۇ؟ مەن ئۇنىڭ

مەجبۇرىي ئۆتكىلىمۇ ياكى مەقسىتىمۇ؟ ئۇقمىدىم، بىر نېمە بولغاندەك قىلىدۇ. ھەر كۈنى ئاڭلىنىۋاتقان ئۇچۇرلار بىزنى ھېچنېمە قىلالمايدۇ. قىزىقىدىغىنىم ئەركىنلىكتىكى ياۋايى تەبىئىتىم ۋە ئۇنىڭ ھوزۇرى، ئەقىلدىن يامانلىشىپ كەتكەن نەرسىلەر تولىمۇ كۆپ، ئۆگىنىش دەۋرى ئۆتۈپ كەتتى، تۇرمۇش پەيزىنى سۈرۈش دەۋرى يېتىپ كەلدى. تەنھالىق رەسمىيلا جانغا پاتتى. يالغانچىلىق نېمىلەرنى پەيدا قىلىدۇ؟ مۇھەببەت لەززىتى نەلەرگە كەتتى؟ ھەممىنى ئۆزەمدىن تاپىمەنمۇ؟ چىدىمىدىم، ھەقىقەتەن بۇ خام خىياللارنىڭ ئەبجەش پۇرىقىدىن ئايلىنىپ كەتتىم، رەسمىي تۇرمۇش مانا مۇشۇ دەپ مەيدەمگە ئۇرالمىغان ئەركەك بولغاندىكىن، خام خىيالغا بېرىلگەن ئىچى ئاجىز يىگىت بولۇپ، ھېسسىياتىمنى شېئىر يېزىپ سۇبلىماتسىيىلەپ يۇرگىنىم ئەۋزەل. ئىجادىيەتنىڭ مەنبەسى— روھ مەقسەت— شۇ روھنى سىقىپ چىقىرىش. مەن ئويىنىمىسام، ۋاقىت مېنى ئاياغ-ئاستى قىلىدۇ. يىراقتىكى تونۇشلىرىم، ئاغىنىلىرىم، قىزچاقلىرىم، مۇھەببەتداشلىرىم خۇددى مەندىن مەڭگۈگە ئايرىلىپ كەتكەندەك، ئۇلار ئاللىقاياقلارغا ئۇزاپ كېتىپ، مەن بىر قاقاس ئارالدا يەككە-يېگانە قالغاندەك ھېسسىياتتا بولۇۋاتىمەن. ھېچكىم مېنى سوراپ قويمايدۇ، ھېچكىممۇ مېنىڭ ئىز-دېرىكىمنى قىلمايدۇ. ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە بىر يېڭى كەيپىيات ۋە ئىرادىگە كېلىمەن، ئەمما ئۇزاققا بارمايلا يالغۇزلۇقتىن ھېرىپ، كۆڭۈل خوشلۇقىمغا— ئىختىيارىيلىقىمغا كىرىشىپ كېتىمەن، بەئەينى كىچىك بالا ... ھېچكىمدىن، ھېچنېمىدىن ئاغرىنغىلى بولمايدۇ. سالامەت چېغىمدا كېسەللىكتىن ئەندىشە قىلىمەن. ھايات ۋاقتىمدا ئۆلۈمدىن غەم قىلىمەن. غەم-ئەندىشىنىڭ پىسخىك ئاساسى— قورقۇنچ، قورقۇنچ يۈرەكنى مۇجۇيدۇ، قىززىق، ئوتلۇق، ساپ قانلارنى سىقىپ چىقىرىپ، مۇزدەك سوغۇق، مۇدھىش، بۇزۇق قانلارنى قالدۇرۇپ قويۇش ئارقىلىق ئادەمنى ئازابلايدۇ. روھىي كېسەللىك ھەر بىر ئادەمنى كېچىسى بىئارام قىلىدۇ. كۈندۈزى بىر ئاز ساقىيىپ قالىمىز. زېرىكىش تەكەببۇرلۇق، ھاماقەتلىكنى پەيدا قىلدى، تىرىشچانلىق پەقەت جاپا بىلىندى، ئەجىرسىز راھەت غايىمىزگە ئايلاندى، غايىمىز ھېسسىياتقا باغلاندى. قىززىش، سوۋۇش، يەنە قىززىش، يەنە سوۋۇش، يىللارسېرى ئاجىزلاپ قېرىش، ھەمم قىززىماس ھەمم سوۋۇماس كۆز پەسلىگە كىرىش... زەپىراندەك ساغىرىش، سېرىق يوپۇرماقتەك تۆكۈلۈش، ئاھ سېرىق ھايات! كىشى دائىم بىر گۈزەل مەنزىرىنى ياكى بىر بۇيۇك لەززەتنى خىيال قىلىدۇ، خام خىيال، ئۇققىلى بولمايدىغان خام خىيال! ئۆلۈم قورقۇنچىدىن رەڭگىنى يوقاتقان يۈز ئۆلۈم تەشۋىشى ئۇشتۇمتۇت يوقالغاندا خۇددى يېڭى چىققان قۇياشتەك قىزىرىدۇ ۋە قايتا پارلايدۇ، ئەمما كەچكى شەپەق بەرىبىر يېتىپ كېلىدۇ، ئەجەل پەيتىمۇ شۇنداق چىرايلىق. ئەمما ھاياتلار—ئۆلمەيۋاتقانلار تېخى ئۇنى بىلمەيدۇ، ھەممە ئىشنى بىرلا قېتىم كۆرۈۋاتىمىز، كۆرۈپلا ئۆتۈپ كېتىمىز، خۇددى كىنو كۆرگەندەك..."

— ئابلىكىم ھەر كۈنى دېگۈدەك ئىشخانىسىنىڭ خەت ساندۇقىغا قارايتتى، گېزىتتىن باشقىنى كۆرمەيتتى. ئۇ كۈتىۋېرىپ چىدىماي خەلقئاراغا تېلېفون ئۇرغىلى بولىدىغان تېلېفون كارتىسىدىن بىرنى ئېلىپ خانقىزغا سىناپ ئۇرۇپ باقتى. ئۈچ قېتىم ئۇرغاندا تېلېفون ئاخىر ئېلىندى، خانقىزنىڭ تونۇش ئاۋازى ئاڭلاندى:

ــ ۋەي كىمۇ؟
ــ مەن، ئابلىكىم، قانداق ئەھۋالىڭىز ياخشى تۇرۇۋاتامسىز؟
ــ ياخشى ئۆزىڭىزچۇ؟
ــ مەنمۇ قەدىرلىك ئەھۋال كېتىۋاتىمەن، سىزدىن جاۋاب خەت كەلمىدى، بىرەر ئىش بولدىمىكىن دەپ ئەنسىرەپ...
ــ ھېچ ئىش بولمىدى، شۇ ھېلىقى يېتەكچى ئوقۇتقۇچىنىڭ ئىشى تۈگىمەي...
ــ قانداق، باشقا بىرىگە ئالماشتىڭىزمۇ؟
ــ ياقەي، نەدە ئۇنداق ئاسان ئىش دەيسىز.
ــ خېنىم، ئەپەندىگە دېسىڭىز بولمامدۇ، سىزگە ياردەم قىلىپ باشقا بىر يېتەكچى ئوقۇتقۇچى تېپىپ بەرسە...

بۇ دېگەن جۇڭگو ئەمەس، ھەممە ئىشتا مۇناسىۋەت، يالغانچىلىق بىلەن جان باقىدىغان. بۇ دېگەن ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىشلەشنى ئەلا بىلىدىغان بىر دۆلەت، خېنىم ئەپەندىنىڭ شۇنچە ياردەملىرىنى مەن تېخى قايتۇرۇپ بولالمايۋاتسام ئۇنىڭغا يەنە جاپا سالىمەنمۇ؟! بۇ ئىشنى ئۆزۈم ياقتۇرمايدۇ، مەنمۇ قەتئىي قىلمايمەن.

خانقىزنىڭ قاتتىق تەلەپپۇزىدىن ئابلىكىم ئەندىكىپ كەتتى، ئىچ-ئىچىدىن بىئارام بولدى، شۇ ئاندا خانقىز يۈكسەكتە، ئابلىكىم پەستە... خانقىز نىمىگىدۇر خاپا، ئابلىكىم جىددىيلىشىپ قالدى، ئۆزىنىڭ ئەسلىدە دېمەكچى بولغان گەپلىرىنى تاپالمىدى، خانقىز سۆزلەۋەردى:

ــ خېنىمنىڭ تاپشۇرۇۋالدىم، سىز خېنىمدا ئاپام سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدۇ...دەپسىز، بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟! مەن سىزنى مۇستەقىل ئويلىيالايدىغان، مۇستەقىل ئىش قىلالايدىغان بالا دەپ يۈرسەم، مۇشۇنداقمۇ دەمسىز؟ بۇ گېپىڭىز مېنى بەك ئويلاندۇرۇپ قويدى، مەن تېخىچە ئويلىنىش ئىچىدە تۇرۇۋاتىمەن، مەن بىلەن توي قىلىدىغان ئادەم سىز، سىز بېيجىڭدا ياشاۋاتىسىز، ئەگەر مېنى ھەقىقىي ياخشى كۆرسىڭىز خېنىمىڭىزدە ئاشۇنداق گەپلەرنىمۇ يازامسىز؟ يەنە تېخى "توي قىلىپ بەختلىك ياشىساق، سىزنى ئۆيدە كىچىك بالىنى كۆتۈرگەندەك كۆتۈرۈپ يېقىرىتىپ چۆگىلەتسەم..." دېگەندەك بىر مۇنچە گەپلەرنى يېزىپسىز. بۇ گەپلىرىڭىزدىن نېمە مەنە چىقىدۇ؟ بۇ مېنى بەستى كىچىك، كىچىك بالىدەك نېمە قىلسام بولىۋېرىدۇ دېگەنلىكىڭىزمۇ؟ خېنىمىڭىزدىكى شۇ بەزى يەرلەرنى ئوقۇپ كۆڭلۇم بەك يېرىم بولدى، خېنىم ئەپەندى نېمە بولدۇڭ؟ دەپ سورىغاندى، چىدىماي ئاخىر دېدىم، خېنىم ئەپەندىمۇ خاپا بولدى. ئوقۇش ئىشلىرىم يۇرۇشمەي جىلە بولۇپ يۈرۈۋاتقاندا سىزنىڭ بۇ خېنىمىڭىز مېنى تېخىمۇ ساراڭ قىلىۋەتتى، بۇ بىر ئاينى شۇنداق تەستە ئۆتكۈزدۈم. بېيجىڭدا ئۆتكەن كۈنلەر شۇنداق ياخشى ئۆتكەندى، سىزمۇ ئەسلىدە شۇنچە ياخشى خەتلەرنى يازاتتىڭىز، مەن تەلىپىڭىزگە ماقۇل بولغاندىن كېيىنلا باشقىچە بولۇپ قالدىڭىز، بولۇپمۇ بۇ قېتىمقى خېتىڭىزدە ئۆزىڭىزنىڭ مەن بىلمەيدىغان تەرىپىڭىزنى ياخشى ئىپادىلەپسىز، بەزى يېرىنى ئويلانماي، دېسكو ئويۇنغاندەكلا قالايمىقان يېزىپ قويۇپسىز. بۇ گېپىمنى چۈشەنمەي

قالماڭ، سىزگە ئەسلى دېمەي دېگەن، لېكىن توغرا كېلىپ قالدى، بىز رېستۇرانغا بارغاندا ئوينىغان دىسكولىرىڭىز ئېسىڭىزدىمۇ، بىز كۆرۈپ بەك خىجىل بولۇپ كەتكەندۇق، گۈلزارغىمۇ مەن بۇنى دېگەن. تۇۋۋا دەيمەن، بۇ خېتىڭىزنى ھەر بىر ئوقۇسامالا دىسكو ئوينىغاندىكى شۇ غەلىتە، قالايمىقان ھەرىكىتىڭىز تەڭ ئېسىمگە كېلىدىغان بولۇپ قالدى...

خانقىز بىر ئايدىن بېرى ئويلاپ، ئىچىگە پاتماي قالغان گەپلىرىنى بىر دېگىلى تۇرىۋېدى، بۇنداق بولۇشنى ھېچ ئويلاپ باقمىغان ئابلىكىم شۇ گاڭگىراپ قالغانچە، ئېكرانى قېتىپ قالغان كومپيۇتېردەك تۇرۇپلا قالدى، يەنە بىر ياقتىن مىنۇتىغا بەش سومدىن تۆگەپ ماڭىدىغان تېلېفون كارتى ۋە پەقەت 20 مىنۇتتەك سۆزلىشىش ۋاقتى ئۇنى ئالدىرىتىپ تۇراتتى، ئۇ ئۆزىنى چۈشەندۈرەي دەپ ئاغزىنى ئۆمەللەپ بىر نەرسە دەي دەپمۇ ھېچنېمە دېيەلمىدى، خانقىز ئۇنىڭغا ھېچ ئىمكان بەرمىدى. ئاخىرى تېلېفون ئۇلاش مەركىزىدىن "يەنە پەقەت بىر مىنۇت سۆزلىشىش ۋاقتىڭىز قالدى" دېگەندىلا ئابلىكىم ئالدىراپ-تېنەپ:

ــ خانقىز، كارتىدا پۇل تۈگىدى، ماڭا قايتۇرۇپ ئۇرامسىز، مەن ئىشخانىدا بار...-دېدى، خانقىز بۇ گەپنى ئاڭلىدىمۇ-ئاڭلىمىدىمۇ، جاۋاب بەرمىدى، ئاڭغىچە تېلېفون ئۈزۈلدى. ئابلىكىم تېلېفون ساقلاپ ئولتۇردى، تېلېفون كەلمىدى، ئىشخانىدىن ھەر قېتىم چىقىپ كېتەي دەپ ماڭغاندا چوقۇم تېلېفون كېلىپ قالدۇ دېگەن ئۈمىدتە ئۇزاق قاراپ تۇرۇپ كەتتى، تېلېفون يەنىلا جىرىڭلىمىدى، ئابلىكىم ئېغىر ئۇھ تارتىپ ئىشخانىدىن ئاخىر چىقىپ كەتتى. ئۇ بۇ ۋاقىتتىكى روھىي ھالىتىنى كۈندىلىك خاتىرىسىگە مۇنداق يازدى:

"يېرىم كۆڭۈلنى پۈتۈن قىلالماي ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمىز. مېنى ئۇ قىز كىچىك بالا قاتارىغا چىقىرىۋېتىپتۇ. بىر ئايدىن بېرى مەن بىر كىچىك جىن بولۇپ ئۇنىڭ قورسىقىغا كىرىۋالغان ئوخشايمەن. ئۇ تولىمۇ پەرىشان، ئۈمىدسىز بولۇپ كېتىپتۇ. ئىشنى ياخشى تەرەپكە ئويلايلى دېسەم، ئۇ ئۇنداق ئويلىمىدى، ئارتۇق خىيالنى تولا قىلىپ مەندىن ئۈمىدسىزلىنىپ كەتتى. 'ئانام سىزنى چوقۇم ياخشى كۆرۈپ قالدۇ' دېگەننى ئۇ ئۆزىنى كەمسىتىش دەپ چۈشەندى بولغاي، تېلېفوندا توختىماي سۆزلەپ كەتتى، توختاڭ گېپىمنى دەۋالاي، دېدى، بىراق تېلېفون ئۈزۈلۈپ كەتتى، پۇل تۈگەپ قالغاندى. ماڭا ئۇرامسىز تېلېفوننى دېسەم ئۇرمىدى. مەن قاتتىق كۆڭۈلسىزلەندىم، تېلېفوننى شۇنچە كۈتتۈم، جىرىڭلىمىدى، جاراڭلىق مۇھەببەتنىڭ دەبدەبىسى بېسىقىپ قالغاندەك، ھەتتا ئەبەدىي جىمىقىپ قالىدىغاندەك بولدى. تۈي ئىشى كۆلكىلىك پاراڭغا ئايلىنىپ كەتكەندەك بولدى، قۇچاقلىشىپ ئوينىغان تانسىلىرىمىزنىڭ يۈزى قالمىدى، تۈي توغرۇلۇق تۈزۈشكەن پىلانلىرىمىزنىڭ كۈچى قالمىدى. شۇنداق بولدى. تېلېفونغا ئۇزاق تەلمۈرۈپ قاراپ ئاخىر ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتىم. بىر ئايدىن بېرى كۈتۈپ، ياخشى گەپ ئاڭلارمەن دەپ ئۇرغان تېلېفوننىڭ ھەققىگە كۆڭۈلسىزلىك سېتىۋالدىم. بۇ ھەقىقەتەن ئىنتايىن كۆڭۈلسىز، ئازابلىق ئىش بولدى. ياتىقىمغا كىردىم. ھەممىدىن خالىي يالغۇز بەدەن يەنىلا روھنىڭ زورلۇقىدا پۇچۇلىنىپ ياتىدۇ. يوتقان ئاللىقاچان سىلىق، نازۇك بەدەنگە ئايلانغان. تەسەۋۋۇرنىڭ خاتالىقى جىنسىيەتتە. ئىچىمدىن كۆي، شەھۋەت، ئازاب ئېتىلىپ چىقىدۇ. ئىلىم-پەن تەرەققىي قىلىپ چېكىگە يېتەلمەيدۇ،

ئادەممۇ بەختىنىڭ ئۇچىغا چىقالمايدۇ، ھەر بىر كەچمىش يۈزىمىزگە بىر قورۇق سالىدۇ، ھەر بىر ھاياتلىق قەدىمى بەخت ئىمكانىيىتىنىڭ ئىشىكىنى تاقاپ ماڭىدۇ، ئۇڭۇشسىزلىق مەزمۇت قەدەملىرىمىزگە ناھال قاقىدۇ، تۇگىمەس ئىنتىلىشلىرىمىز ئاللىقاياقلاردا قالىدۇ...."

ئىككى ھەپتىدىن كېيىن ئابلىكىم خانقىزدىن بىر بەت خەت تاپشۇرۇۋالدى، خەت قىسقىلا يېزىلغاندى:

“ ئابلىكىم ياخشى تۇرۇۋاتامسىز؟

مەن جىق ئويلىنىپ ئاخىرى سىزگە بۇ خەتنى يېزىش قارارىغا كەلدىم. ئەسلىدە بۇ ئىشنىڭ ئاخىرىغىچە ياخشى بولۇپ كېتىشىنى ئويلىغانىدىم ھەم شۇنى ئۈمىد قىلغانىدىم. لېكىن ئەمەلىيەت ئۇنداق بولماي قالدى. كۆپ ئويلىنىشتىن كېيىن ئاخىر ئىككىمىزنىڭ بىر-بىرىمىزگە ماس كەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. خېڭتىيەن ئەپەندىگە بۇنى ئېيتقانىدىم، ئۇمۇ باشقىچە پىكىردە بولمىدى. مېنىڭ ئوقۇش ئىشىم شۇ پېتى تۇرىدۇ، قارىغاندا ئوقۇشۇم سوزۇلۇپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ، مەيلى قانداق قىلىپ بولمىسۇن دوكتورلۇق ئوقۇشىنى پۈتتۈرىمەن. ئۇنىڭغىچە بەلكىم توي قىلىش ئىشىمنى ئويلاشماسلىقىم مۇمكىن. سىزمۇ ئۆزىڭىزگە ماس كېلىدىغان بىر قىزنى تېپىۋېلىڭ، مېنىڭچە ھەر ئىككىمىز يەنىلا ئۆز يولىمىزدا ماڭغىنىمىز ياخشىدەك قىلىدۇ. ماڭىمۇ ئەمدى خەت يېزىپ يۈرمەڭ.

تېنىڭىزنىڭ سالامەت، خىزمىتىڭىزنىڭ ئۇتۇقلۇق بولۇشىنى تىلەپ: خانقىز

ئابلىكىم شۇ بىر پارچە خېتىنىڭ ئويلىمىغان يەردىن ئۆز بەختىگە پۈتلىكاشاڭ بولغانلىقىنى ھېس قىلىپ ناھايىتى ئازابلاندى، غۇرۇرى ئازار يېدى، ئەمما ئوبدان ئويلاپ باقسا ئۆزىدە كەچۈرگۈسىز ھېچ گۇناھ يوق، ئىنسان دېگەن تام تۆشۈكىدىن تۇغۇلمىغاندىكىن، بۇنداق ئۆمۈرلۈك ئىشتا ئاتا-ئانىنى بىر چەتكە قايرىپ قويغىلى بولاتتىمۇ؟ “ئانام سىزنى چوقۇم ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ” دېگەن گەپنىڭ شۇ ئانىنىڭ ئوغلىنىڭ مۇستەقىللىقىنى يوققا چىقارغۇدەك، ھەم كەچۈرگىلى بولمىغۇدەك قانداق يامان يېرى بار؟ خانقىزمۇ ئاتا-ئانىسىنىڭ پىكرىنى ئېلىپ، ئاخىر يەنە شۇلارنىڭ نېمە جاۋاب بەرگەنلىكىنى ئېنىق دېمەيلا بۇ ئىشنى يوققا چىقاردىغۇ؟ ھەتتا باقما ئاتا-ئانىسى خېڭتيەن ئەپەندىلەرنىڭ پىكرىنى ئۆز ئاتا-ئانىسىنىڭ پىكرىدىنمۇ ئۈستۈن قويىدىكەنغۇ؟!... ئابلىكىم ئويلا-ئويلا، بۇ قىزنىڭ تولا ئوقۇپ كېتىپ، ئۆز ئۆرپ-ئادىتىدىنمۇ ياتلىشىپ، كاللىسىنىڭ مۇرەككەپلىشىپ بىر داشقايناققا ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى، ماھىيەتتە ئابلىكىم دېگەن بىرسىنى چىن دىلىدىن ياخشى كۆرمىگەنلىكىنى، بۇنىڭغا پەقەت ئامال يوقلۇقىنى ھېس قىلدى ۋە ئاخىرىدا كۈندىلىك خاتىرىسىگە شۇنداق يازدى:

"شۇنداق قىلىپ، ئۈزۈلۈپ كەتكەن تېلېفون ئۈزۈلگەن مۇھەببەت رىشتىسىنىڭ بېشارىتى بولۇپ قالدى. ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي ئازابلاندىم. ھەقىقەتەن ئازابلاندىممۇ؟ ئازابلىنىشنىڭ كەينىدىنلا مەسخىرىلىك كۈلكەم دۈۋىلىنىپ كەلدى. تەبىئەت يەنىلا تەمكىن، سالامەتلىكىم يەنىلا ياخشى، تېنىم ئەركىن، پەقەت كاللاملا، روھىملا كېسەل. ئىشلاردىن شادلىق ئىزدەيمەن، ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلەيمەن، كەلگۈسىدىن غەم يەيمەن. يات جىنسلار ماڭا

قاتتىق يات تۇيۇلۇشقا باشلىدى. مەن تاكى ئۆلگىچە بەلكىم ئاستا خاراكتېرلىك روھىي كېسەللىكتىن قۇتۇلالمايمەن. بۇ كېسەللىك ئاستا خاراكتېرلىك راك، ئەيدىز كېسەللىرىدەك قورقۇنچلۇق بولمىسىمۇ، لېكىن ئادەمنى بىلىندۇرمەي قىينايدۇ، بىكاردىن بىكار ئازابلانماسلىقىم كېرەك. روھىي كېسەللىكنىڭ پايدىسىنى شېئىر يېزىشتىن تېپىشىم كېرەك..."

**2004-يىل 5-يانۋار بېيجىڭ**